# ئۆلىمالار

# olimalar

انما يخشى الله من عباده العلماء

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.



2020-يىللىق 2-سان، ئومۇمىي 2-سان

— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —

كىتاب تورى بېكىتى

ئۆلىمالار
olimalar

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## مۇندەرىجە

پەتىۋاغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر (1).................................
دوكتور ئالىمجان بۇغدا (2) ..........................................

توسالغۇلار ۋە ھەل قىلىش چارىلىرى..................................
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى (13) ..........................................

ھالال يېيىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ھارامدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىلىرى
مۇھەممەد يۈسۈپ (26) ..........................................

پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە.....
ئابدۇلئەھەد ھاپىز (39) ..........................................

پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلامدۇر.................................
تاھىرجان ئابباس (59) ..........................................

ئىسلام ۋە پاكىزلىق مەدەنىيىتى.........................................
ئابدۇراھمان جامال كاشغەري (67) ..........................................

فەقىھ ۋە مۇھەددىس سەمەرقەندلىك پاتىمە.................................
ئاتاۋۇللا سەئىد (78) ..........................................

0212 540 31 13
Adres: Kemalpaşa Mahallesi 1. Biga Sokak
No: 27 Daire:5 Küçükçekmece/İstanbu
www.olimalar.org olemalarjournili@gmail.com

2020-يىللىق
2-سان
(ئومۇمىي 2-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
دوكتور
ئاتاۋۇللاھ شاھيار

باش مۇھەررىر:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئىتى:
د .ئابدۇسالام تەكلىماكان
د .ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئابدۇراھمان جامال كاشغەري
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇلئەھەت ئۇجات
تاھىرجان ئابباس
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

# پەتىۋاغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر (1)



دوكتور ئالىمجان بۇغدا

زامانىمىزدا تېخنىكا ۋە ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بۈگۈنكى ئەگىشىپ ھايات دائىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى سوئاللىرىمۇ كۆپەيدى ۋە ھەرخىللاشتى. مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ ھەر ساھەسىدە يولۇققان يېڭى مەسىلىلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى ئۈچۈن، بولسا مۇپتى، دامولللام، بولمىسا ئەتراپىدا دىنىدىن ۋەز ئېيتقان ئاخۇنۇم، خەلپىتىم، قارىم، دوكتور، پروفېسسور، ئاخۇنۇم سۇپەت... قىسقىسى دىن نامىدىن گەپ قىلىدىغان كىم بولسا ئۇنىڭدىن، ئۇمۇ بولمىسا «گوگېل»دىن ئىبارەت «مەۋھۇم دامولللام» دىن سوراپ مەسىلىنىڭ دىنىي جاۋابىنى تېپىپ ئۇنىڭغا كۆرە ئەمەل قىلىشقا تىرىشماقتا.

ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىلىپ ئېيتقاندا مەيلى دۇنيالىق ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىدا بولسۇن، بارلىق ئىشى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى جانابىي ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە ھەر ئىنساننىڭ قىلغان بارلىق ئىشىنىڭ ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇپ بولمىغانلىقىغا كۆرە سوئال سوراقفا تارتىدۇ. ئىسلام دىنىغا ۋە پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ئىش قىلغانلار جەننەتكە، ئۇيغۇن ئىش قىلمىغانلار بولسا دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بۇنداق مۇھىم ۋە چوڭ بىر ئىشتا، مەيلى نورمال ئىسلامىي ھاياتنى ياشىغان ۋە بىلمىگەنلىرىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن «پەتىۋا سورىغۇچى» مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە پەتىۋا بەرگۈچى «مۇپتى» ئۆلىمالار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دىققەت قىلىشى لازىم بولغان بەزى مەسىلىلەر بار.

ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولغان ۋە تازا ياخشى بولۇپ كەتمىسىمۇ ئۆز ئىچىدىن ھاكىمىيىتى بار بولغان مۇسۇلمان خەلقلەر ئۈچۈن، پەتىۋاغا دائىر مەسىلىلەر بەك جىددىي بىر مەسىلە بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى دۆلىتى ۋە ھاكىمىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ. ئەمما شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەتىۋا مەسىلىسى ھەقىقەتەن ئىنتايىن جىددىي ۋە مۇھىم بىر مەسىلە.مۇستەقىل دۆلىتىمىزنىڭ ۋە مۇستەقىل ھاكىمىيىتىمىزنىڭ يوقلۇقى، يەنە كېلىپ دىنسىز، ئەخلاقسىز خىتايدىن ئىبارەت ئەڭ ئىپلاس بىر مىللەت ۋە فاشىست كوممۇنىستىك بىر رېجىمنىڭ مۇستەملىكىسىدە بولۇپ قېلىش مەۋجۇتلۇقى ئىسلام دىنى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنتايىن خەتەرلىك بىر مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمان شەرقىي تۈركىستان خەلقى، بىر تەرەپتىن كومپىنىست خىتايلارنىڭ بار كۈچى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىملىكىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن دىنىنى يوقىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنۇشلىرىغا پىسەنت قىلماستىن، جېنىنى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ دىنىدىن ۋە ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمەي بار كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە. يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى، خىتاينىڭ ئۇ قەدەر قاتتىق بېسىمى ۋە ئىنتايىن ناچار شارائىتلار ئاستىدا كۈچىنىڭ يېتىشىچە دىنىنى ئۆگەنگەن ئۆلىمالىرىمىز، ئاشۇ ئىلىم ۋە قابىلىيەت بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىنى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ خىزمەت قىلماقتا. يەنە بىر تەرەپتە خىتاينىڭ مەكتەپلىرىدە ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ، خىتاينىڭ قول چوماقچىلىقىنى قىلىۋاتقان بەزى مانقۇرت ئۇيغۇرلار بىلەن، خىتاي زومىگەرلىرىنىڭ دىنىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بەزى كەمچىلىكلىرىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى پوزىتسىيەدە بولۇۋاتقان ئاتالمىش بەزى زىيالىيلار. يەنە بىر تەرەپتە، چەتئەللەردە يىللارچە دىنىي ساھەلەردە ئوقۇپ، ئالىم، ئەللامە، ئۆلىما ۋە دوكتۇر ئۇنۋانى ئالغان، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي پاشىستلىرىنىڭ ھەر خىل باھانىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىنى تامامەن يوق قىلىۋاتقان، دىنى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ئىجتىمائىي ھاياتىنى پۈتۈنلەي ياتلاشتۇرۇش ۋە خىتايلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان سۇيىقەستلىرىنى كۆرمەستىن ۋە نەزەرگە ئالماستىن ئۆزى يېتىشكەن مۇھىت بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغان بەزى ئۆلىمالىرىمىز. يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئەنئەنىلىرىگە قىلچە ھۆرمەت قىلمىغان ئاساستا، ئالدىغا قايسى بىر يازغۇچىنىڭ كىتابى چىقىپ ئۇنىڭدىن تەسىرلەنسە، دەرھال ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش پىدائىيسى بولۇۋاتقان ۋە ئەڭ رادىكال پەتىۋالارنى بەس- بەستە تور- تورلاردا، دەرھال ئېلان قىلىپ، دەرھال خەلقىگە ئۇلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان داموللام ۋە ئۆلىمالىرىمىز. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، دىنىمىزنى ھاياتىمىزدا توغرا

شەكىلدە ئەمەلىيلەشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا توغرا پوزىتسىيەدە بولۇش، ئۇيغۇر خەلقىنى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېتەكلەش ھەقىقەتەن بەسى مۈشكۈل. مەن بۇ يەردە مەسىلىنىڭ جەريانى ياكى مەسىلىلەرگە سىياسى مۇلاھىزە ئېلىپ بارمايمەن. پەقەت ھەربىر مۇسۇلمان دۇچ كەلگەن ھەرقانداق دىنىي مەسىلىلەردە پەتىۋا بەرگەن مۇپتىلىرىمىزنىڭ ۋە دىنى مەسئىلىلەردە سوئال سورىغۇچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىققەت قىلىشىغا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر بايان قىلماقچى.

بۇرۇنقى زامانلاردا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش، بۇنىڭ ئىچىدىن ئىسلام فىقھىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مەخسۇس كاتتا ئۆلىمالارنىڭ ئالدىدا يىللارچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان، ئوقۇغان داموللام ۋە ئۇ مەدرىسىنىڭ ئىلمى تۆۋەن بولۇپ قالغان بولسا، شەھەر ئاتلاپ، ھەتتا مەملىكەت ئاتلاپ داڭلىق ئالىم ۋە مەدرىسە ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭ ئىلمىنى ئۆگىنىدىغان ۋە ئۇستازلىرىدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن داموللاملىق قىلىدىغان، فىقھى ۋە شەرىئەت ئىلمىگە ۋاقىپ ۋە لاياقەتلىك بولغانلار مۇپتىلىق قىلىدىغان بىر ئەنئەنە بار ئىدى. زامان تەرەققىي قىلىپ مەدرىسىنىڭ ئورنىنى يېڭى دىنىي مەكتەپلەر ۋە فاكۇلتېتلەر ئېلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، نورمال بىر دىنىي مەكتەپنى ئوقۇپ كېچىككىنە ئەرەبچە مۇتالىئەسى چىققان، ياكى ئىسلامىي فاكۇلتېتلىرىنى 5 يىلدا تۈگىتىپ بىرئاز دىنىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان، ياكى مۇسۇلمان دۆلەتلەردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن بىر قانچە ئۇستازنىڭ سۆھبىتىدە بولغان، ياكى بىر ئىككى يىل ئەرەبچە ئۆگەنگەن، ياكى تەرجىمە قىلىنغان بىر قانچە دىنىي كىتاب ئوقۇغان ياكى ئوقۇماستىنلا ئۆز ئەقلى بىلەن مۇنداق بولۇشى كېرەكتى دەپ ئويلىغان، .... قىسقىسى ھەممە ئادىمىمىز ھەر مەسىلىدە ھۆكۈم چىقىرىدىغان، دىنىي مەسىلىدە پەتىۋا بېرىدىغان بولۇپ كەتتى.

ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇ قەدەر مۇھىم بولغان ۋە ئاخىرەتتە سوئال – سورىقى بولىدىغان مەسىلىلەردە ھەممە ئادەم دىن نامىدا، ئاللاھ نامىدا ۋە پەيغەمبەر نامىدا ھۆكۈم بايان قىلىش، پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگىمۇ؟ بۇ قەدەر ئەھمىيەتلىك بىر مەسىلىدە ئىسلام كىملەرگە ۋە قايسى سۈپەتتىكى كىشىلەرگە ئەھكام بايان قىلىش ۋە پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتى بەردى؟ ئەھكام بايان قىلىش ۋە پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتى بولمىغانلارنىڭ ئەھكام بايان قىلىشىنىڭ ۋە پەتىۋا بېرىشىنىڭ گۇناھى قايسى؟ بەرگەن پەتىۋالىرى كۈچكە ئىگە بولامدۇ؟.... قاتارلىق سوئاللار ۋە جاۋابلىرى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى مۇھىم بولغان مەسىلىلەردۇر. بۇ مەسىلىلەرنى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى زۆرۈر ۋە ئۆزرۇ قوبۇل قىلمايدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدە پەتىۋا، ھەر مۇسۇلماننىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەرئىي جەھەتتىن سۆز ياكى يازما ھالەتتە ھۆكۈم بايان قىلىش دېمەكتۇر. ئىسلام فىقھى ئىلمىدە سورالغان دىنىي بىر مەسىلىگە جاۋاب بەرگۈچى ۋە پەتىۋا بەرگۈچى «مۇپتى»، سوئال ۋە پەتىۋا سورىغۇچى «مۇستەفتى»، پەتىۋا بېرىش ئىشىنىڭ ئۆزى بولسا «ئىفتا» دەپ ئاتىلىدۇ. پەتىۋا ئاتالغۇسى قۇرئان كەرىمدىكى بىرقانچە ئايەتتە تەكرارلانغان «يَسْتَفْتُونَكَ/يُفْتِيكُمْ (پەتىۋا سوراۋاتىدۇ، سىلەرگە پەتىۋا (ھۆكۈم) بېرىدۇ)»[1] دېگەن ئىبارىدىن ئېلىنغان.

قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەردە جانابىي ئاللاھ، ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغان/سورالماقچى بولغان (يَسْتَفْتُونَكَ/يَسْأَلُونَكَ) «سەندىن پەتىۋا سوراۋاتىدۇ»، «سوئال سوراۋاتىدۇ»[2] شەكلىدىكى سوئاللىرىغا (قُلِ اللَّهُ يُفْتِيكُمْ) «دېگىنكى ئاللاھ سىلەرگە پەتىۋا (ھۆكۈم) بېرىدۇ»[3] ئىپادىسى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ يالغۇز ھۆكۈم قىلغۇچى ۋە ھەقىقىي مەنىدە مۇپتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. يەنى ئىسلام شەرىئىتىدە ھەقىقىي مەنىدە مۇپتى، شارىئى مۇتلەق بولغان جانابىي ئاللاھتۇر. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەجازىي مەنىدە «شارىئ/ئىلاھىي ھۆكۈم قويغۇچى»، ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىگە ئاساسەن ھۆكۈم بايان قىلغۇچى، كەلگەن ھۆكۈمنى تۈنجى تەتبىق قىلغۇچى، ھۆكۈملەرنى شەرھىلەپ بەرگۈچى قىسقىسى ھەقىقىي پەتىۋا بەرگۈچى مۇپتىدۇر.

ئىسلام دىنى قىيامەتكىچە باقىدۇر ۋە ھۆكۈملىرىمۇ قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈملەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ئاساسەن پرىنسىپ خاراكتېرلىك ھۆكۈملەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ۋاقىتلاردا ھەر دىنىي مەسىلىگە ئىلاھى ۋەھيى ئارقىلىق ئۆزى جاۋاب بېرەتتى. ساھابىلەرمۇ قۇرئان ۋە سۈننەتكە تايانغان ئاساستا، ئانچە مۇنچە ئىجتىھاد قىلىپ پەتىۋا بېرەتتى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بەرگەن پەتىۋا ۋە ئىجتىھادلىرىنى تەستىقلىغان بولسا كۈچكە ئىگە بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى بىر يەرگە ۋالىي ياكى قازى قىلىپ يوللاشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن فىقھى ۋە شەرىئەت ئىلمىگە ئىگە ئەقلى ئۆتكۈر ۋە قابىلىيەتلىك بولغانلارنى تاللايتتى ۋە بەزىدە ئىمتىھانمۇ ئالاتتى.

مەشھۇر بىر ۋەقە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن: «بىر مەسىلىگە دۇچ كەلسەڭ قانداق ھەل قىلىسەن؟» دەپ سورىدى. مۇئاز: «ئاللاھنىڭ كىتابى يەنى قۇرئان كەرىمگە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئاندا ئۇنىڭغا قارىتا ھۆكۈم تاپالمىساڭ قانداق قىلىسەن» دېدى. مۇئاز: «سېنىڭ سۈننىتىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر

1 نىسا سۈرىسى: 127، 176– ئايەتلەر.
2 بەقەرە سۈرىسى: 189، 219، 217، 222، ئايەتلەر، ئەنفال سۈرىسى: 1- ئايەت.
3 نىسا سۈرىسى: 127، 176 -ئايەتلەر.

ئەلەيھىسسالام: «ئۆزۈڭدىنمۇ تاپالمىساڭچۇ؟» دەپ سورىدى. مۇئاز: «قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى پىرىنسىپلارغا ئاساسلىنىپ ئىجتىھاد قىلىمەن» دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەلچىسىنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن»[4] دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن مىساللار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ، قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئاساسى پىرىنسىپ قىلغان ھالدا، مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەقەلەرگە، ھەر دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ پەتىۋا بېرىشىنى ۋە بۇ شەكىلدە ئىسلام دىنىنىڭ قىيامەتكىچە داۋام قىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىجتىھادنىڭ، پەتىۋانىڭ داۋام قىلىشى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈم بەلگۈلىگۈچىلىك سۈپىتى (شارىئلىق سۈپىتى) داۋام قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن پەتىۋا بېرىش ياكى دىني مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىش، پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە (مۇپتى) بىرسى ئۈچۈن قانچىلىك ساۋاپلىق بىر ئىش بولغان بولسا، بۇ سالاھىيەتكە ئىگە بولمىغان بىرسى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ گۇناھتۇر، ھەتتا ھارامدۇر. چۈنكى پەتىۋا بېرىش دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن ھۆكۈم بايان قىلىش دېمەكتۇر. پەتىۋا بەرگۈچى «مۇپتى» ھۆكۈم بەلگىلىگۈچى بولۇش جەھەتتىن سوئال سورىغۇچى بىلەن جانابىي ئاللاھ ئارىسىدىكى بىر ۋاسىتىدۇر. بۇ ۋاسىتە سايىسىدا مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر – پەرمان ۋە كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا دىننى ياشىتىدۇ. مۇپتىلىق باشقا بىر تەرەپتىن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە ئوخشايدۇ. يەنى «مۇپتى» دېمەك پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى، مۇتلەق قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۆھۈرى، ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇنىڭ ئاپىرىدە قىلغان قۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈم بايان قىلىش جەھەتتىن ۋاسىتە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئىمام شاتىبى: «مۇپتى خەلق ئىچىدە پەيغەمبەرنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ»[5] دېگەن.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىشىمىز لازىمكى، پەتىۋا مۇسۇلمان خەلقنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا دۇچ كەلگەن ئىسلام شەرىئىتىگە ئائىت بىر مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالغا كەلتۈرۈپ خەۋەر بېرىش ۋە بايان قىلىش دېگەنلىكتۇر. پەتىۋا مەسىلىسىدە پەتىۋاغا ئائىت مەسىلىنىڭ مەزمۇنى بىلەن پەتىۋا بەرگۈچى (مۇپتى) ۋە مۇجتەھىدنىڭ سالاھىيىتى بەكلا مۇھىمدۇر.

4 ئەبۇ داۋۇد سۇلەيمان ئەتتەيالىسى: «مۇسنەد ئەبۇ داۋۇد»، «دارۇلھىجر نەشرىياتى»، مىسىر 1999- يىلى 1- نەشرى، 1- جىلد 454- بەت.

5 ئەبى ئىسھاق ئىبراھىم بىن مۇسا ئەششاتىبى: «ئەلئىئتىسام»، «دار ئىبن ئاپپان نەشرىياتى»، سەئۇدى ئەرەبىستان 1992 – يىلى 1- نەشرى، 2- جىلد 597- بەت.

ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، پەتىۋا بەرگۈچىنىڭ (مۇپتى)، ئىسلام ئالىملىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان سۈپەت، قابىلىيەت ۋە شەرتلەرگە ئىگە ئىسلامىي مۇجتەھىد ئالىم بولۇشى كېرەك. بۇ شەرتكە ئىگە بىر مۇجتەھىد يېڭى ئوتتۇرىغا چىققان ھەر قانداق دىنىي مەسىلىلەرگە ئىجتىھاد شەرتلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ئۆز ئالدىغا پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. مۇجتەھىدنىڭ يۈرگۈزگەن ئىجتىھادى نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ھۆكۈمى ۋە بەرگەن پەتىۋاسى، پۈتۈنلەي قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسلانغان ھالدا جانابىي ئاللاھنىڭ مۇراد - مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. بۇ ئاساستا ئوتتۇرىغا چىققان شەرئىي ھۆكۈم ۋە بەرگەن پەتىۋا ئاللاھ دەرگاھىدا ۋە ئىسلام دىنىدا قىممەتكە ئىگە، ھەقىقىي پەتىۋا ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردىكى ئىجتىھاد بىر مۇجتەھىدنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلىپ، شەرىئەت بەلگىلىگۈچى ئاللاھنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن بارچە زېھنىي ۋە ئەقلىي كۈچىنى سەرپ قىلىش، بۇ ئارقىلىق يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ھەر مەسىلىدە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي پرىنسىپقا ماسلاشقان ئاساستا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشتۇر. ئەگەر پەتىۋا بەرگۈچى (مۇپتى) ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقارغۇدەك ئىسلامىي ئىلىملەردىن ۋايىغا يەتكەن، قابىلىيەتلىك ۋە مۇجتەھىدلىك مەرتىۋىسىدىكى بىر ئالىم بولمىغان بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ باشقا مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ پەتىۋا ۋە كۆز-قاراشلىرىنى نەقىل ئارقىلىق بايان قىلىشىغا بولىدۇ ۋە بۇنداق كىشىلەرگىمۇ مەجازىي مەنىدە «مۇپتى» دېيىشكە بولىدۇ. ھەقىقىي پەتىۋا بولسا ئىجتىھاد قىلىشنىڭ شەرت، ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ھالەتتە مۇجتەھىدلىك شەرتىگە توشقان بىر مۇجتەھىد تەرىپىدىن بېرىلگەن پەتىۋادۇر.

ئىسلام شەرىئىتىدە ھۆكۈم بەلگىلەش ھوقۇقى ۋە سالاھىيىتى پەقەتلا جانابىي ئاللاھقا خاستۇر. ئىجتىھاد قىلىش، پەتىۋا بېرىش مەسىلىسى يا بىر مۇجتەھىد ياكى مۇپتىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە بار بولغان بىر ھۆكۈمنى تېخىمۇ روشەن قىلىپ بايان قىلىشى ياكى بولمىسا سورالغان بىر مەسىلىگە پەتىۋا بەرگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىھادىي قابىلىيىتى نەتىجىسىدە ئېرىشكەن ھۆكمىنى قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىشى دېگەنلىكتۇر. يەنى ئىجتىھاد قىلىشتا بولسۇن ۋە ياكى پەتىۋا سورىغان مەسىلە ئۈستىدە بولسۇن مۇجتەھىدنىڭ ھۆكمى ۋە پەتىۋا بەرگۈچىنىڭ (مۇپتى)نىڭ شەخسىي كۆزقارىشىنى ئەمەس، ئۇ مەسىلە ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ مەزكۇر مەسىلە ھەققىدىكى ھۆكمى سورالماقتا. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇجتەھىد ئىجتىھاد قىلغاندا ياكى بىر مۇپتى پەتىۋا بەرگەندە دىندا ھۆكۈمى قەتئىي دەلىل بىلەن سابىت

بولغان، بارلىق مۇسۇلمانلار ئىتتىپاق قىلغان بىر مەسىلە ئۈستىدە يېڭىدىن مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ئەمەس، بار بولغان ھۆكۈمنى بايان قىلىپ بېرىشى كۇپايىدۇر.

بۇ يەردە ئالاھىدە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بېرىلگەن ۋە قەتئىي دەلىل بىلەن ئىسپاتى بولغان ھۆكۈملەر قەتئىي ھۆكۈملەر بولۇپ، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ قەتئىي ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغان ۋە تولۇق كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈملەردۇر. ئەمما مۇجتەھىد ۋە مۇپتىلار بەرگەن ھۆكۈملەرنىڭ بەزىلىرى قەتئىي ئەمەل قىلىش كېرەك بولغان ھۆكۈملەر بولسىمۇ، كۆپىنچىسى ئىجتىھاد خاراكتېرلىق (زەننى/گۇمانى) تولۇق كۈچكە ئىگە بولمىغان مەسلىھەت خاراكتېردىكى ھۆكۈملەردۇر. يەنى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە ئاساسى بولغان ۋە بارلىق مۇسۇلمان ئالىملار ھۆكمىدە بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەر ئىسلام شەرىئىتىدە ھۆكمى سابىت ۋە قەتئىي ھۆكۈملەر بولۇپ، بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ ھۆكۈملەرگە كۆرە ئېتىقاد ۋە ئەمەل قىلىشى شەرتتۇر ۋە پەرزدۇر. بۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىش قاتتىق گۇناھتۇر. ئەمما مۇجتەھىد ۋە مۇپتىلارنىڭ ئۆز ئىجتىھاد ۋە تىرىشچانلىقى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان پەتىۋا ۋە ھۆكۈملەر، كۆزقاراش خاراكتېرلىق ھۆكۈملەر بولۇپ، ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزى خالىغان بىر مۇجتەھىدنىڭ ئىجتىھادىنى ۋە يا بىر مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنى تاللاش ئىختىيارلىقى باردۇر. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللىمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كۆرە ئەمەل قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن گۇناھكار بولمايدۇ[6].

تەكرار دېيىش توغرا كەلسە، پەتىۋا بېرىش مەسىلىسى مۇسۇلمانلارغا ۋە مۇسۇلمانلىقىقا ئائىت مەسىلىلەرنى، جانابىي ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن، ئىسلام دىنى ۋە شەرىئىتىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا مۇۋاپىق ھالەتتە بايان قىلىش، يورۇتۇپ بېرىش، ھۆكمىنى ئىزاھلاشتۇر، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن سۆز قىلىشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدا گەپ قىلىشتۇر. بۇنداق نازۇك، مۇھىم ۋە جىددى بىر مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلىش ۋە پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ۋە قابىلىيىتىگە ئىگە بىرسى ئۈچۈن قانچىلىك ساۋاپ ئىش بولغان بولسا، بۇ سالاھىيەتكە ۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولمىغان بىرىسى ئۈچۈنمۇ ئۇ قەدەر چوڭ گۇناھتۇر، ھەتتا ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ پەتىۋاغا ئەڭ جۈرئەتلىكىڭلار دوزاخقا ئەڭ جۈرئەتلىكىڭلاردۇر»[7]. ئىمام مالىك (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «دىنىي بىر مەسىلىدە جاۋاب بەرمەكچى بولغان كىشى، جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن جەننەت ۋە دوزاخنى

6 ئەبۇ بەكىر ئەھمەد بىن ئەلى ئەلجەسساس: «ئەلئۇسۇل پىلپۇسۇل»، «دارۇلكۇتۇپ ئەلئىلمىيە نەشرىياتى»، لۇبنان 2010 – يىلى 2 – نەشرى، 2 – جىلد 412 – بەت.

7 ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبن ئابدۇرراھمان ئەددارىمى ئەسسەمەرقەندى: «سۇنەنى دارىمى»، «دارۇلمۇغنى نەشرىياتى»، سەئۇدى ئەرەبىستان 2000 – يىلى 1- نەشرى، 1- جىلد 258- بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋاب (پەتىۋا) بېرىشى كېرەك»[8]. ئىمام نەۋەۋى (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: «بىر فىقھى ئالىمنىڭ كۆپ سۆز سۆزلىمەسلىكى ۋە كۆپ ھۆكۈم بايان قىلماسلىقى، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەخلاقىنى ۋە سەممىيلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ».

پەتىۋا مەسىلىسى دىنغا ئالاقىدار ھالال – ھارام، ساۋاب – گۇناھ، ياخشى – يامان قاتارلىق ھۆكۈملەرنى ئىسلام دىنى نامىدا بايان قىلىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشتۇر. ھەر بايان قىلىنغان ھۆكۈم ۋە پەتىۋادا، پەتىۋا بەرگۈچىنىڭ (مۇپتىنىڭ) مەسئۇلىيىتى بار ۋە چوقۇم جاۋابكارلىقتا تارتىلىدۇ. ئىجتىھاد سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ، توغرىنى ۋە ئەڭ توغرىسىنى تېپىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىش دېمەكتۇر. ئىجتىھاد ۋە پەتىۋا ئالاھىدە مۇتەخەسسىسلىك ۋە قابىلىيەت تەلەپ قىلىدىغان بىر ۋەزىپىدۇر. دىنىي بىر مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىغۇدەك ئىلمى ئىستىپداتى ۋە قابىلىيىتى بولماي تۇرۇپ، ئۇ مەسىلە ئۈستىدە ھۆكۈم بايان قىلىشتىن ۋە پەتىۋا بېرىشتىن بۇرۇن ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئەڭ ئۇيغۇن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ئىككى دۇنيا بەخت – سائادىتىگە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن ياخشى مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، ئۆز ھاۋايى – ھەۋەسىگە كۆرە پەتىۋا ۋە ھۆكۈم بايان قىلىش قاتتىق خەتەرلىكتۇر، ھەتتا توغرا پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۆز ھاۋايى – ھەۋىسىنىڭ ئارقىسىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن گۇناھتۇر. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى يۈزەكى ئۆگىنىۋېلىپ، بىر قانچە ئايەت ۋە ھەدىسنى ياد ئېلىۋالغانلارنىڭمۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ زاھىرىي مەنىسىگە كۆرە پەتىۋا ۋە ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەۋەس قىلىشىمۇ قاتتىق گۇناھتۇر.

كىمكى ۋە قانداق ئالىم – ئۆلىما بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ دىنىي ئاساسلارغا تايانمىغان، دىندا ئاساسىي بولمىغان ياكى دىندا يېڭىدىن مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش مۇمكىن بولمايدىغان دىنىي بىر مەسىلە ئۈستىدە ئۆز خاھىشى ۋە ھاۋايى - ھەۋىسىگە تايىنىپ خالىغانچە ئىجتىھاد قىلىشى، ھۆكۈم چىقىرىشى ۋە پەتىۋا بېرىشى قاتتىق چەكلەنگەندۇر.

دانا، ئەقىللىق ئىنسانلار ئۆزىنى تارتىدۇ، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلىدۇ، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلگەنلەر ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ، ئۆزگىنى كالۋاك ۋە ھاماقەت چاغلىمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشى مۆلچەرلىيەلەيدۇ ۋە شۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرىدۇ. خەلقنىڭ قىزىقىشىنى تارتىدۇ. ئەڭ كالۋاك ئادەم باشقىلارنى ئەخمەق چاغلىغانلاردۇر. بۇنداق ئىنسانلارنى ھۆرمەتلەپ ئىززەت قىلساڭ ئۆزىنىڭ پەزىلىتى سانايدۇ، خاتالىرىغا گەپ قىلىپ، ئەيىبلىرىگە نەزەر سالمىساڭ ئەخمەقلىقىڭ دەپ

8 ئابدۇلغىنى ئەددەقر: «ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس»، «دارۇلقەلەم نەشرىياتى»، سۈرىيە 1998 – يىلى 2 – نەشرى، 229- بەت.

قارايدۇ. تۈركىيە شائىرى يۇنۇس ئەمرە مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم - ئىلىم بىلمەكتۇر، ئىلىم - ئۆزىنى بىلمەكتۇر، سەن ئۆزۈڭنى بىلمىسەڭ، بۇ قانداق ئوقۇماقتۇر؟».

شەرقىي تۈركىستان خەلقىدە 5 - ئىيۇل 2009 ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، خىتايغا قارشى نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلقىمىزدە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا مۇستەھكەم ئېسىلىشتىن ئىبارەت بىر ياخشى خاھىش ئوتتۇرىغا چىقتى. خەلقىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان بۇ يۈزلىنىشىنى كۆرگەن بەزى ئاتالمىش داموللام، زىيالىي، يازغۇچى، تىجارەتچى، سىياسەتچى دېگەندەك كىشىلەر، پات - پات ئىسلام ھەققىدە سۆز قىلىپ قويۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى، دىنىنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، ئىسلام دىنىغا «ئىنتايىن كۆيۈمچان بولغاندەك» ساپ، خالىس مۇسۇلمانلىق ۋە دەۋاگەرلىك قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ساھەسى بولمىغان دىنىي مەسىلىلەرگە ئارىلاشماقتا ۋە دىنىي جەھەتتىن مۇپتىلىق تونىنى كىيىشكە ئۇرۇنماقتا. بىر تۈركۈم ياخشى نىيەتلىك ياش زىيالىيلىرىمىز، دىنغا بولغان ئىشتىياقى ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى دىنىي جامائەتلەردىن ۋە ياكى ھەمسۆھبەت بولغان كىشىلەردىن تەسىرلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىسلامىي ئاڭ چۈشەنچىسى، سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئەنئەنىلىرىنى قىلچە ھېسابقا ئالماي، ھەر خىل دىنىي ئېقىملارنىڭ كىتابلىرىنى، ئۈن-سىنلىرىنى ھارماي – تالماي تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. بىر تۈركۈم دىندا يېتىشكەن داموللام، دوكتور، ئاخۇنۇملىرىمىزمۇ ئىجتىھاد ۋە پەتىۋا ئىشىنىڭ بەسىي مۇشكۇل، ئاللاھ دەرگاھىدا مەسئۇلىيەت، مىللەت ئالدىدا جاۋابكارلىق ھېسابلىنىدىغان بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلىپ – بىلمەي، پەتىۋانى مۇسۇلمانلىق بازىرىدا ئەرزان تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، خېرىدار تالاشماقتا. مۇسۇلمان خەلقىمىزمۇ كىمنىڭ كانىيى يوغانراق بولسا، كىم بەكرەك ۋارقىرىسا، كىمنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ بەك رېتىملىق ۋە جاراڭلىق بولسا، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇنى ئېلىشقا تىرىشماقتا، ھەتتا «يېقىندىكى موللام بار موللام، ئۇزاقتىكى موللام داموللام» دېگەندەك، شەرقىي تۈركىستانلىق ئالىم – ئۆلىمالىرىمىزنى كىچىك چاغلاپ، باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ پەتىۋالىرىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىنمۇ ئەڭ رادىكال ۋە شاز (ئاجىز) كۆز قاراشتىكى پەتىۋالىرىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تەقۋالىقىنى نامايان قىلىشقا تىرىشماقتا.

ئىسلام دىنىدا پەتىۋا مەسىلىسىدە، پەتىۋا بەرگۈچى (مۇپتى)نىڭ كىملىكى، بەرگەن پەتىۋاسىنىڭ ماھىيىتى، ۋە پەتىۋا سورىغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بەكلا مۇھىمدۇر. ئىجتىھاد ۋە پەتىۋا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان بىر كىشىنىڭ نامى قانچىلىك ئۇلۇغ، ئۇنۋانى قانچىلىك يۇقىرى بولۇپ كەتسە كەتسۇن، ئۇنداق بىرىنىڭ دىن نامىدا دېگەن گەپلىرى ۋە بەرگەن پەتىۋالىرىنىڭ ھېچبىر قەدىر – قىممىتى بولمايدۇ. پەتىۋا بەرگۈچى ھەر قانچە ئىجتىھاد ۋە پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، بەرگەن پەتىۋاسى ئىسلام شەرىئىتىدە پەتىۋاغا ئائىت مەسىلە بولۇشى ۋە پەتىۋا ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن پەتىۋا بولمىسا ئۇنىڭمۇ ۋەز – نەسىھەتتىن باشقا بىر تەرىپى بولمايدۇ. پەتىۋا بەرگۈچى ھەر قانچە ئىجتىھاد ۋە پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە، بەرگەن پەتىۋاسىمۇ پەتىۋا ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان تەقدىردىمۇ، ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مۇھىم قائىدىلەردىن بىرى بولغان «ئەزىمەت ۋە رۇخسەت» پىرىنسىپىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، بىر مۇسۇلمانغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن بىر پايدىنى ساقلىغان ۋە يامانلىقنى زىياننى ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشتۇرغان، ئىسلام روھى بىلەن شەخسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان بىر پەتىۋا بولمىسا ئۇنىڭمۇ پەتىۋالىق تەرىپى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا ئالاقىدار ۋە سىياسىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك پەتىۋالاردا ئۆيدە ئولتۇرۇپ چىقارغان پەتىۋا ۋە كەسكەن ئەھكاملارنىڭ ھېچبىر ئېتىبارى يوقتۇر. بۇنداق پەتىۋالار شۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالىم – ئۆلىمالىرى، شۇ مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر كىشىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئورتاق ئەقىل بىلەن ئىسلام روھىغا ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ بېرىلىدىغان پەتىۋالاردۇر.

مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭمۇ دىنىي ئەھكاملار ۋە پەتىۋا مەسىلىسىدە، ئەھلى سۈننەت سىرتقى ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ، سەھىھ مەنبەلەردىن ئوتتۇرىغا قويغان پەتىۋالارنى دىققەت ئېتىبارغا ئېلىشى مۇھىمدۇر. «گوگېل»دىن ئىبارەت «مەۋھۇم دامولللام» دىن سورالغان ۋە مەنبەسى ئېنىق بولمىغان ۋە مۆتىۋەر كىتابلاردا بايان قىلىنمىغان پەتىۋالارنىڭ ھېچبىر ئېتىبارى يوقتۇر. خەلقىمىز شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرىغا، بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئېلىنغان پەتىۋاغا بەكرەك ئېتىبار بېرىشى زۆرۈردۇر. بىر كىشىنىڭ پەتىۋاسىغا كۆرە، ئىككى كىشىنىڭ پەتىۋاسى، ئىككى كىشىنىڭ پەتىۋاسىغا كۆرە تېخىمۇ كۆپ ئالىمنىڭ ئورتاق قىلغان پەتىۋاسى تېخىمۇ كۈچلۈكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ئۈچۈن دېڭىزلار سىياھ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز چوقۇم تۈگەپ كەتكەن ۋە بىز سۆزلەپ، يېزىپ تۈگىتەلمىگەنلىكىمىزگە قارىغاندا،[9] ھەر قانچە ئالىم – ئۆلىما بولساقمۇ بىلمەيدىغانلىرىمىز كۆپتۇر. «بىلگەنلىرىنى بىلىش ھەر كىمنىڭ ئىشى، بىلمىگەنلىرىنى بىلىش ئالىمنىڭ ئىشى» دەيدىغان ماقال بار. پەيغەمبەر ۋارىسى بولغان بىر ئالىم، بىلمىگەن، بىلگەن تەقدىردىمۇ

9 كەھف سۈرىسى: 109– ئايەت.



قەتئىي جەزم قىلالمىغان دىنىي شەرئىي بىر مەسىلىدە دادىللىق بىلەن «بىلمەيمەن» دېيەلىشى كېرەك. بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ ئىچىدە «لا أدري نصف العلم» (ئۇقالمىدىم، بىلەلمىدىم دېيىش ئىلىمنىڭ يېرىمىدۇر) دېگەن ھېكمەتلىك بىر گەپ بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «بەزى كىشىلەرنىڭ ‹لا أدرى نصف الإيمان› (ئۇقالمىدىم، بىلەلمىدىم دېيىش، ئىماننىڭ يېرىمىدۇر) دېگەن سۆزلىرى ھەققىدە نېمە دەيلا؟» دەپ سورىغاندا. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە: «بىلمەيمەن دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم دېسۇن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىلمى مۇكەممەل بولىدۇ»[10] دېگەن. كىشى ھەرقانچە ئالىم ۋە مەلۇماتلىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەر سۆز ھەرىكىتىگە ناھايىتى دىققەت قىلىشى، ھەر دېمەكچى بولغاندا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن ئەجداد تەجرىبىسىگە قۇلاق سېلىشى لازىم. بولۇپمۇ دىنىي ئالىم – ئۆلىمالىرىمىز، ئۆزىنىڭ، ئۆزى بىلەن ئوخشاش مەۋقەدىكىلەرنىڭ ۋە مەنسۇپ بولغان ئىسلام دىنىنىڭ شان – شەرىپىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ھەر سۆزىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىشى، ھەر جايدا، ھەممە يەردە ۋە ھەممە ئىشتا سۆز ۋە ئەھكام بايان قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى مۇھىمدۇر. ئاللا تائالا شۇنداق دېگەن: «ئىنسان قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان بىر پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ»[11].

جانابىي ئاللاھ، ئالىم – ئۆلىمالىرىمىزغا بەسىرەت ۋە ئىستىداد، ئىش ئۇستىدىكىلىرىمىزگە شەنىگە ئۇيغۇن ھال – ھەرىكەت، زىيالىيلىرىمىزغا ئۆز ئىشىدا غەلىبە ۋە نەتىجە، ئەزىز شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمان خەلقىمىزگە ئاشۇرۇۋېتىش ۋە پاسسىپلىقتىن خالىي توغرا يولنى ۋە ھەممىمىزگە ھەقنى ھەق بىلىپ ھەقگە ئەگىشىدىغان، باتىلنى باتىل بىلىپ باتىلدىن نېرى تۇرىدىغان ساغلام ئەقىدە نېسىپ قىلسۇن. ئامىن.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۇسۇپ

10 ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى نەسر ئەلمەرۋەزى: «تەزىمۇ قەدرۇسسالات»، «مەكتەبەتۇددار» نەشرىياتى، سەئۇدى ئەرەبىستان 1985 – يىلى – نەشرى، 1 – جىلد 435- بەت.

11 قاف سۈرىسى: 18 – ئايەت.

# تۇسالغۇلار ۋە هەل قىلىش چارىلىرى

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

ئىسلامدا دەۋەت ۋە دەۋادىن شەرەپلىك، ئەجىر-ساۋابى كاتتا بىر خىزمەت يوق. چۈنكى خەلققە ئىسلامنى يەتكۈزۈش دەۋەت، ئۇنى يەر يۈزىدە هاكىم قىلىش يولىدا تىرىشىش دەۋا بولۇپ، هەر ئىككىسى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرەپلىك خىزمىتى ۋە قىممەتلىك مىراسىدۇر.

تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، خەلقنى ئىسلامغا چاقىرىش، ئۇلارغا ئىسلامنى يەتكۈزۈش دەۋەت؛ خەلقنى كۇفرى قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان نۇرىغا، زۇلۇم خارلىقىدىن ئىسلام ئادالىتىگە چىقىرىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دەۋا بولۇپ، بۇلار بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر جۈپ قوشكېزەكلەردۇر[1].

دەۋەت ۋە دەۋا يولىدىكى خىزمەتلەر پۈتۈن خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى، بۇ يولدىكى سۆزلەر پۈتۈن سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ گۈزىلىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾. يەنى «ئاللاھقا دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟»[2].

بۇ شەرەپلىك خىزمەتكە چوقۇم بىر جامائەت ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وأولئك هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾. يەنى «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان بىر جامائەت بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[3]. بۇ شەرەپلىك خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغانلار داۋاملىق هېكمەت، ياخشى ۋەز-نەسىھەت ۋە چىرايلىق سۆزلەرنى ئۆزىگە هەمراھ قىلىشى لازىم. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾. يەنى «رەببىڭنىڭ يولىغا هېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، (مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن»[4].

قۇرئان كەرىمدە، خەلققە ھەرۋاقىت بىر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇلارنىڭ

2 سۈرە فۇسسىلەت 33-ئايەت.
3 سۈرە ئال ئىمران 104-ئايەت.
4 سۈرە نەھل 125-ئايەت.

ئىچىدىكى بىر تۈركۈم شەقىيلەرنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ۋە تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەنلىكى، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەرنىڭ چىدامىلىق بولۇشى نەتىجىسىدە، ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى، مەسخىرە قىلغان شەقىيلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى بىلەن ھالاك بولغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ تەكرار تەكىتلىنىشى بۇ شەرەپلىك خىزمەتنىڭ سىناقلىرىنىڭ كۆپ، توسالغۇلىرىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت بولۇپ، بۇ شەرەپلىك خىزمەتكە ئۆزىنى بېغىشلىماقچى بولغان ھەربىر شەخسنىڭ پۇختا تەييارلىق بىلەن يولغا چىقىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ھازىر دۇنيادا ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىدا، جۈملىدىن چەتئەللەردە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىدا كۈندىن-كۈنگە ئىمانىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، يېتىلۋاتقان ياشلارنىڭ تور ۋە ئەقىللىق تېلېفونلارنىڭ قۇربانى بولۇپ، ئىسلامىي كىملىكىنى يوقۇتۇپ قويىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئامىللار بۈگۈنكىدىن كېيىن دەۋەت ۋە دەۋا يولىدىكى سىناق ۋە توسالغۇلارنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىش ئېهتىماللىقىنى كۈچەيتمەكتە.

دەۋەت ۋە دەۋا يولى بەزىلەر گۇمان قىلغاندەك، پاياندازلار سېلىنغان، ئەتىر-گۈللەر چېچىلغان يول بولماستىن، بەلكى ھىممىتى تۆۋەن، ئىرادىسى ئاجىزلارنى ئاقسىتىپ قويىدىغان، ھەتتا سىقىپ ۋە شاللاپ چىقىرىۋېتىدىغان نۇرغۇن ئىچكى-تاشقى سىناق ۋە توسالغۇلىرى بار يول بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلاردىن بىر قانچىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز ۋە ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز:

**1. تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە ئۇچراش.** دەۋەت ۋە دەۋا سېپىدىكىلەر خەلقنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز خىزمەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، بەزىلەر قوللاشنىڭ ئورنىغا، تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى دەۋەت ۋە دەۋا يولىدىن توسۇشقا ئورۇنۇپ كەلمەكتە.

**ھەل قىلىش چارىسى:** سەۋرچان بولۇش ۋە تەقۋالىقنى ئاشۇرۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (وَلَتَسْمَعُنَّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِن قَبْلِكُمْ وَمِنَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا أَذًى كَثِيرًا وَإِن تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا فَإِنَّ ذَٰلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ). يەنى «سىلەر ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار ۋە تەقۋا بولساڭلار (يەنى سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىڭلاردا ئاللاھتىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر»[5].

**2. تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەرگە ئۇچراش.** دۈشمەنلەر ھەر زامان، ھەر ماكان دەۋەت ۋە دەۋا سېپىدىكىلەرگە قارشى تۈرلۈك سۇيىقەست ۋە ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشقا سېلىپ، بۇ يولدا توسالغۇ پەيدا قىلىشقا ئورۇنىدۇ.

5 سۈرە ئال ئىمران 186-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**هەل قىلىش چارىسى:** ئاللاھقا ھەقىقىي تايىنىش، سەۋر قىلغان ۋە تەقۋا بولغان مۇئمىنلەرگە دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنىڭ قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (وَقَدْ مَكَرُوا مَكْرَهُمْ وَعِنْدَ اللَّهِ مَكْرُهُمْ وَإِنْ كَانَ مَكْرُهُمْ لِتَزُولَ مِنْهُ الْجِبَالُ). يەنى «ئۇلار ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە) مىكىر ئىشلەتتى. ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك (چوڭ) بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ»[6].

ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغان ۋە تەقۋا بولغان مۇئمىنلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن، زىيان-زەخمەتلىرىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (وَإِن تَصبِرُوا وَتَتَّقُوا لا يَضُرُّكُم كَيدُهُم شَيئاً إِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعمَلُونَ مُحِيطٌ). يەنى «ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە تەقۋا بولساڭلار يەنى (سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھتىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر»[7].

**3. بىسىم ۋە تەھدىتلەرگە ئۇچراش.** مۇۋەپپەقىيەتنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، بىسىم ۋە تەھدىتلەر كۈچىيىدۇ. بىسىم ۋە تەھدىتلەرنىڭ كۈچىيىشى دەۋەت ۋە دەۋا يولىدا ئېغىر توسالغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ.

**هەل قىلىش چارىسى:** ئاللاھتىن مەدەت تىلەش، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش. تارىختا پەيغەمبەرلەر، دەۋەت ۋە دەۋا سېپىدىكى مۇئمىنلەر زالىملارنىڭ بېسىملىرىگە؛ چالما - كېسەك، يۇرتتىن ھەيدەپ چىقىرىش قاتارلىق تەھدىتلىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھتىن مەدەت تىلەش، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا تاقابىل تۇرغان. نەتىجىدە، ئاللاھ پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىپ، بېسىم ۋە تەھدىت قىلغان زالىملارنى ھالاك قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِرُسُلِهِمْ لَنُخْرِجَنَّكُمْ مِنْ أَرْضِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ رَبُّهُمْ لَنُهْلِكَنَّ الظَّالِمِينَ). يەنى «كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: ‹سىلەرنى زېمىنىدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك› دېدى. ئۇلارغا رەببى (مۇنداق) ۋەھيى قىلدى: «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز»[8].

**4. چەكلىمە ۋە توسقۇنلۇققا ئۇچراش.** دەۋەت ۋە دەۋا سېپىدىكىلەر بەزىدە باتىل نىزام ۋە زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ چەكلىمە ۋە توسقۇنلۇقلىرىغا ئۇچرايدۇ.

**هەل قىلىش چارىسى:** خىزمەت ئورنىنى ئۆزگەرتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە دەۋەت ئىشلىرى قاتتىق توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاندا، تائىف شەھىرى ئەھلىدىن ياردەم سوراپ قايتىشىدا بىر توپ كىشىلەرنىڭ تاش ئېتىپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان.

6 سۈرە ئىبراھىم 46-ئايەت.
7 سۈرە ئال ئىمران 120-ئايەت.
8 سۈرە ئىبراھىم 13-ئايەت.

مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇرەيش كاپىرلىرى جىددىي يىغىن ئېچىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ ئىلگىدىكى پۈتۈن مال-مۈلۈكلىرىنى، قەۋم-جامائەتلىرىنى تاشلاپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. شۇنىڭدەك تارىختا نۇرغۇنلىغان دەۋەتچى ۋە رەھبەرلەر توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان شەھەرنى تاشلاپ، باشقا شەھەرلەردە خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

## 5. مەسخىرەگە ئۇچراش.

مەسخىرىنىڭ كۈچىيىشى بەزى ئىنسانلاردا ئۈمىدسىزلىك ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ئىچىدىكى بىر تۈركۈم شەقىي ئىنسانلار تارىختىن بىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ، دەۋەت ۋە دەۋا يولىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ خىزمەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىشتا، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلگەن.

**ھەل قىلىش چارىسى:** چىداملىق بولۇش، مەسخىرىلەرگە پىسەنت قىلماستىن خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىمۇ شەقىيلەرنىڭ مەسخىرىلىرىدىن سالامەت قالغان ئەمەس. ئۇلار ئاللاھنى «ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسى»، «بېخىل»؛ پەيغەمبەرلەرنى «سېھىرگەر»، «كاھىن»، «مەجنۇن» دەپ مەسخىرە قىلىشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەۋەت ۋە دەۋا سېپىدىكىلەر چىداملىق بولۇپ، شەقىيلەرنىڭ مەسخىرىلىرىگە پىسەنت قىلماستىن خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. چۈنكى، مەسخىرە قىلغۇچىلار ھەرگىز جازاسىز قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:(وَلَقَدِ اسْتُهْزِئَ بِرُسُلٍ مِنْ قَبْلِكَ فَحَاقَ بِالَّذِينَ سَخِرُوا مِنْهُمْ مَا كَانُوا بِهِ يَسْتَهْزِئُونَ). يەنى «سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر (كاپىرلار تەرىپىدىن) مەسخىرە قىلىندى، مەسخىرە قىلغۇچىلار مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردى»[9].

## 6. پۇل-مال ۋە مەنسەپ بېرىش ۋەدىسى بىلەن ئالداشقا ئۇچراش.

بۇ، ئادەتتە دۈشمەنلەر كۆپ قوللىنىدىغان تاكتىكا بولۇپ، تارىختا بۇ تاكتىكىغا ئالدىنىپ يولدىن ئاداشقانلار ئاز ئەمەس.

**ھەل قىلىش چارىسى:** دۈشمەنلەرگە باشتىلا مەقسەتنىڭ پۇل-مال ۋە مەنسەپ ئەمەس، بەلكى ئىسلاھ قىلىش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق جاكارلاش ۋە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش. كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «إن أردت مُلكًا ملكّناك علينا، وإن أردت مالًا جمعنا لك حتى تصير أغنانا» يەنى «ئەگەر پادىشاھ بولۇشنى ئىزدىسەڭ، سېنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلايلى، ئەگەر پۇل-مال ئىزدىسەڭ، سەن بىزنىڭ ئەڭ بېيىمىز بولغۇدەك مىقداردا ساڭا پۇل-مال يىغىپ بېرەيلى» دېگەن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە باتىل يولدىكىلەرمۇ ھەق يولدىكىلەرگە ئوچۇق ياكى دارتمىلاپ شۇنداق دېمەكتە. دەۋەت ۋە دەۋا يولىدىكىلەر بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغان ھامان، ئۇلارغا مەقسەتنى ئوچۇق بىلدۈرۈپ مۇنداق دېيىشى ۋە

---

[9] سۈرە ئەنئام 10-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى كېرەك: (وَمَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى رَبِّ الْعَالَمِينَ). يەنى «دەۋەت قىلغىنىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن»[10]. (إِنْ أُرِيدُ إِلَّا الْإِصْلَاحَ مَا اسْتَطَعْتُ وَمَا تَوْفِيقِي إِلَّا بِاللَّهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ). يەنى «مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنى خالايمەن، مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن»[11].

### 7. ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە ئۇچراش.

ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ كېچىكىشى ۋە ئەزىيەتلەرنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، بەزىدە ئىنسانلارغا ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ روھىي مەغلۇبىيەت بولۇپ، چوڭ تۇسالغۇلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

**ھەل قىلىش چارىسى:** ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ مەلۇم ۋاقىت كېچىككەن تەقدىردىمۇ، چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ).

يەنى «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر: ‹ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟› دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر»[12].

### 8. ئىقتىساد كەمچىل بولۇش.

يېتەرلىك پۇل-مال بولمىسا، دەۋەت ۋە دەۋا خىزمىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

**ھەل قىلىش چارىسى:** جىددىي ئىزدىنىش بىلەن بىرگە، تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا چات كىرىۋالماي، ماددىي ئىمكانىيەتكە كۆرە ئىش ئېلىپ بېرىپ، خىزمەتنى توختىتىپ قويماي داۋاملاشتۇرۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (وَلَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا). يەنى «بىز ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان (ئىش)قىلا تەكلىپ قىلىمىز»[13]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «أحب الأعمال الى الله أدومه وإن قل». يەنى «ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغىنى ئاز بولسىمۇ داۋام قىلىنغىنىدۇر»[14].

ئۆلىمالار ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتا ئۆشرە، زاكات، ئېھسان، ئىئانە ۋە بەدەل پۇلى يىغىش قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش؛ ۋەقپە-راباتلارنىڭ كىرىملىرىدىن پايدىلىنىش؛ تەجرىبىلىك تىجارەتچىلەرنى تەشكىللەپ بازار ئېچىش؛ زاۋۇت، كارخانا ۋە شىركەت

---

10 سۈرە شۇئەرا 145-ئايەت.
11 سۈرە ھۇد 88-ئايەت.
12 سۈرە بەقەرە 214-ئايەت.
13 سۈرە مۆئمىنۇن 62-ئايەت.
14 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قوروش؛ ئىسلامىي بانكا تەسىس قىلىش؛ زىرائەت، سانائەت، ئىمپورت، ئېكسپورت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش؛ بىخەتەر ئىقتىسادىي ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىش قاتارلىق چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**9. قوللىغۇچىلار ئاز بولۇش.** دەۋەت ۋە دەۋا خىزمىتى ھەقىقەتەن كۆپ قوللىغۇچىلارغا مۇھتاج. چۈنكى قوللىغۇچىلار قانچە كۆپ بولسا، خىزمەت شۇنچە بەرىكەتلىك بولىدۇ.

### ھەل قىلىش چارىسى:

قوللىغۇچىلار ئاز بولغان تەقدىردىمۇ، ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ئالغا ئىلگىرلەش. چۈنكى، بۇ دۇنيادا كۆپىنچە، باتىلنىڭ قوللىغۇچىلىرى كۆپ، ھەقنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئاز بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (وَإِنْ تُطِعْ أَكْثَرَ مَنْ فِي الْأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ). «ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەرگە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ»[15].

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «باتىل يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئالدانمىغىن، ھەق يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ ئازلىقىغا ئەجەبلەنمىگىن». ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «سەن (ھەق يولدا) يالغۇز بولساڭمۇ، بىر ئۈممەتسەن».

**10. ئىمكانىيەت ئاز بولۇش.** بۇ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا خىزمەتنى ئاقسىتىپ قويىدۇ، ۋاقتىدا چارە كۆرۈلمىسە، خىزمەتنىڭ توختاپ قېلىشىغا سەۋەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن.

### ھەل قىلىش چارىسى:

ئىمكانىيەت يارىتىش. مۇسا ئەلەيھىسسالام تىلى كېكەچ بولغان بولسىمۇ، راۋان سۆزلىيەلمەيمەن، دەپ مەسئۇلىيەتتىن قاچمىغان. بەلكى ئاللاھتىن قېرىندىشى ھارۇننى ياردەمچىسى قىلىپ بېرىشنى تىلەش ئارقىلىق خىزمەتنىڭ ھوددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت ياراتقان. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇنداق ئىلتىجا قىلغان: (وَاجْعَلْ لِي وَزِيرًا مِنْ أَهْلِي. هَارُونَ أَخِي. اشْدُدْ بِهِ أَزْرِي. وَأَشْرِكْهُ فِي أَمْرِي). «ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن»[16].

**11. قىزغىنلىقى ئاجىزلاپ قېلىش.** بەزىلەر دەۋەت ۋە دەۋا سېپىدە بىر مەزگىل ناھايىتى قىزغىن خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋالقى قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ، خىزمەتتە بوشىشىپ قېلىشى مۇمكىن.

### ھەل قىلىش چارىسى:

تىرىشچان ئىخلاسمەن ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، پەيغەمبەرلەر ۋە ئۆلگىلىك شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇش، جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلىش.

15 سۈرە ئەنئام 116-ئايەت.

16 سۈرە تاھا 29-31 ئايەتلەر.

**12. مېۋىسىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ قىلىش.** بۇ ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ قالغانلار ئۈچۈن چوڭ توسالغۇ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشكە يەتمىسە، خىزمەت قىلىشتىن توختاپ قالىدۇ.

**ھەل قىلىش چارىسى:** مەسئۇلىيىتىنىڭ نەتىجىنى كۆرۈش ئەمەس، بەلكى يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىكەنلىكىنى بىلىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (لَيْسَ عَلَيْكَ هُدَاهُمْ). تەرجىمىسى: «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر)»[17].

**13. كىبىر پەيدا بولۇپ قىلىش.** كىبىر ئىنساننى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىشتىن ۋە توغرا يولدا مېڭىشتىن توسۇپ قويىدىغان ناچار ئىللەت بولۇپ، بۇ ئىللەت ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئاقىۋەتى ياخشى بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ.

**ھەل قىلىش چارىسى:** كەمتەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئىمانىنى يېڭىلاش. چۈنكى كىبىر ئىنساننى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى توغرا چۈشۈنەلمەيدىغان، ھەقنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنداق ئىنسان توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنى ياراتماي ئۇ يولدا ماڭمايدىغان، خاتا يولنى كۆرسە، ئۇنى ماختاپ ئۇ يولغا ئۆزىنى ئاتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (سَأَصْرِفُ عَنْ آيَاتِيَ الَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَإِنْ يَرَوْا كُلَّ آيَةٍ لَا يُؤْمِنُوا بِهَا وَإِنْ يَرَوْا سَبِيلَ الرُّشْدِ لَا يَتَّخِذُوهُ سَبِيلًا وَإِنْ يَرَوْا سَبِيلَ الْغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلًا). يەنى «يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارنى ئايەتلىرىمنى چۈشىنىشتىن يىراقلاشتۇرىمەن. ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى»[18].

**14. نىيەت ئۆزگىرىپ قىلىش.** ھەق يولدا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان بەزى كىشىلەرنى شەيتان ئازدۇرۇپ، دۇنيا مەنپەئەتى ياكى نەپسىنىڭ ئىستىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

**ھەل قىلىش چارىسى:** ئۆزىنى قەتئىي چوڭ تۇتماسلىق، داۋاملىق كەمتەر بولۇش ۋە ئۆزىدە ئىخلاس بىلەن ئىش قىلىش روھىنى يېڭىلاش. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ كىسەل ۋە دورىنى بىرلا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىشلارنى ھەممىدىن بەك بۇزىدىغان نەرسە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئىسلاھ قىلىدىغان نەرسە ئىخلاستۇر».

**15. ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قىلىش.** ھەقىقەتەن بۇ چوڭ بىر توسالغۇدۇر. ئاۋۋال نىمە ئىش قىلىشنى، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەسلىك

17 سۈرە بەقەرە 272-ئايەت.

18 سۈرە ئەئراف 146-ئايەت.

بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقلارنىڭ بىرىدۇر.

**ھەل قىلىش چارىسى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش ۋە تەلىماتىغا ئەمەل قىلىش. يەنى ئىشنى ئاۋۋال خەلقنى تەۋھىدكە چاقىرىش، ئىماننى ئۆگىتىشتىن باشلاش لازىم. خەلقنىڭ دەۋەت ۋە دەۋا خىزمىتىنى قوللاش-قوللىماسلىقى ئۇلارنىڭ تەۋھىد چۈشەنچىسىگە ۋە ئىماننى ئۆگىنىشىگە باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئۇنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتىش ئالدىدا، ئۇنىڭغا مۇنداق تەۋسىيە قىلغان: «إنك تأتي قومًا من أهل الكتاب، فليكن أول ما تدعوهم إليه شهادة أن لا إله إلا الله». يەنى «سەن ئەھلى كىتابتىن بىر قەۋمنىڭ يېنىغا بارىسەن، سەن ئۇلارنى چاقىرىدىغان نەرسىنىڭ ئەۋۋىلى ئاللاھتىن باشقا مەبۇد يوق دەپ شاھادەت ئېيتىشقا چاقىرىش بولسۇن»[19].

## 16. خەلقنىڭ قوبۇل قىلماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىش.

بۇمۇ چوڭ توسالغۇلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئەندىشە قىلىش ۋە تەشۋىشلىنىش روھىي مەغلۇبىيەتنىڭ ئالامىتىدۇر.

**ھەل قىلىش چارىسى:** دەۋەت ۋە دەۋا يولىدا تىرىشىش بىزدىن، تەۋپىق-ھىدايەت ئاللاھتىن دەپ بىلىپ، ئۆزىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (لَيْسَ عَلَيْكَ هُدَاهُمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ). «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش

19 ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ»[20].

## 17. خەلقنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش.

بۇنىڭغا كىبىر، تارتىنچاقلىق، قورقۇنچاقلىق قاتارلىقلار سەۋەب بولسا كېرەك.

**ھەل قىلىش چارىسى:** مەسئۇلىيەتنىڭ خەلقنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئالدىغا بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلىش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، مەسئۇلىيەتنىڭ خەلقنىڭ ئالدىغا بېرىش ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (كُلَّمَا أُلْقِيَ فِيهَا فَوْجٌ سَأَلَهُمْ خَزَنَتُهَا أَلَمْ يَأْتِكُمْ نَذِيرٌ. قَالُوا بَلَى قَدْ جَاءَنَا نَذِيرٌ فَكَذَّبْنَا وَقُلْنَا مَا نَزَّلَ اللَّهُ مِنْ شَيْءٍ إِنْ أَنْتُمْ إِلَّا فِي ضَلَالٍ كَبِيرٍ). «دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: ‹سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟› دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ‹ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: ‹ئاللاھ (ھېچ ئادەمگە ۋەھيىدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا، دېگەندۇق› دەيدۇ»[21].

يەنە بىر ئايەتتە، ئاللاھ تائالا بىر كىشىنىڭ خەلقنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ

20 سۈرە بەقەرە 272-ئايەت.
21 سۈرە مۇلك 7-9 ئايەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە چاقىرغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (وَجَاءَ مِنْ أَقْصَى الْمَدِينَةِ رَجُلٌ يَسْعَى قَالَ يَا قَوْمِ اتَّبِعُوا الْمُرْسَلِينَ). «شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى (يەنى ھەبىب نەجار) يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار»[22].

**18. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن چەتنەپ كېتىش.** ھەقىقەتەن بۇ چوڭ توسالغۇلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

**ھەل قىلىش چارىسى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا قايتىش. دەۋەت ۋە دەۋا يولى تىكەنلەر بىلەن تولۇپ تاشقان، ئاپەت ۋە كۈلپەتلەر بىلەن قورشالغان يولدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتكەن بەزى دەۋەت ۋە دەۋا سېپىدىكىلەرنىڭ بىرەر ئاپەت ياكى كۈلپەتكە يولۇققان ھامان، يولىنى داۋاملاشتۇرالماي قايمۇقۇپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ھەقىقىي قايتسا، ئۆزلىرى يولۇققان كۈلپەتلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ يولۇققانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، يولىنى تەمكىنلىك بىلەن داۋاملاشتۇرالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى سەۋر قىلىش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئۇمىدۋار بولۇپ، ئالغا ئىلگىرلەش يولىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدا توسالغۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ نۇرغۇن چارىلىرى بار.

**19. قوپال، باغرى قاتتىق بولۇش.** بۇ قوللىغۇچىلارنىڭ تارقاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغان ناچار ئىللەت بولۇپ، دەۋەت ۋە دەۋا خىزمىتىدىكى ئەڭ يامان ئاپەتلەردىن سانىلىدۇ.

**ھەل قىلىش چارىسى:** مۇلايىم، باغرى يۇمشاق ۋە ئەپۇچان بولۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنَ اللَّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ). يەنى «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[23].

**20. تۆر، شۆھرەت ۋە مەنسەپ تەمەسىدە بولۇش.** دۇنياپەرەسلەردە بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشى ھەيران قالارلىق بولمىسىمۇ، لېكىن بەزى دەۋەت ۋە دەۋا سېپىدىكىلەرنىڭ بۇنداق ئەھۋاللارغا چۈشۈپ قېلىشى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ۋە ئېچىنارلىقتۇر.

22 سۈرە ياسىن 20-ئايەت.

23 سۈرە ئال ئىمران 159-ئايەت.

**ھەل قىلىش چارىسى:** ئىخلاس بىلەن ئىش قىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈش، خىزمەت تەقسىماتىغا رازى بولۇش، سەلەف سالىھلارنىڭ كەمتەر بولۇش، تۆر، شۆھرەت ۋە مەنسەپ تەمەسىدە بولماسلىقتەك روھىدىن ئۆگىنىش.

ئۆلىمالار ئۆزىنى قالتىس چاغلاش، ماختىنىشنى ياخشى كۆرۈش، باشقىلارنى چۈشۈرۈپ ئۆزىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش، ئۆزى باش بولمىغان ھەرقانداق سۆز-ھەرىكەتلەرنى قوللىماسلىق، باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئىملىي ئاساسسىز تەنقىت قىلىش، خاتالىقى ئېنىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىش، باي ۋە مەنسەپدارلارغا خۇشامەت قىلىش، پەتىۋاچى بولۇشقا ئالدىراپ كېتىش قاتارلىق شۆھرەت ۋە مەنسەپ تەمەسىدە بولۇشنىڭ بىر قانچە تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنى بايان قىلغان. ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىخلاسمەن، نامسىز مۇجاھىتنى مەدھىيەلەپ ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «**طوبى لعبد آخذٍ بعنان فرسه في سبيل الله، أشعثٍ رأسه، مغبرةٍ قدماه، إن كان في الحراسة كان في الحراسة، وإن كان في الساقة كان في الساقة، إن استأذن لم يؤذن له، وإن شفع لم يُشَفّع**». يەنى «ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ ئاللاھ يولىدا ماڭغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، قەدەملىرى توپىغا مىلەنگەن بەندىگە جەننەت بولسۇنكى، ئۇ قوشۇننىڭ ئالدىدا تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلسا، ئالدىدا تۇرۇشقا رازى بولىدۇ، ئاخىرىدا تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلسا، ئاخىرىدا تۇرۇشقا رازى بولىدۇ، (خەلق ئارىسىدا ئابرۇيى ۋە نوپۇزى بولمىغانلىقتىن) ئۇ رۇخسەت سورىسا، رۇخسەت بېرىلمەيدۇ، بىرەرسىگە شاپائەت قىلسا شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ»[24].

بۇ ھەدىستە، دۇنياغا ئالدىنىپ قېلىش؛ نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ كېتىش؛ تۆر، شۆھرەت ۋە مەنسەپ تەمەسىدە بولۇپ قېلىش قاتارلىق ئىللەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇلۇپ، كەمتەرلىك، ئىخلاسمەنلىك ۋە نامسىز قەھرىمانلىق روھى مەدھىيەلەنگەن.

---

24 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مانا بۇلار دەۋەت ۋە دەۋا يولىدىكى بەزى تۇسالغۇلار ۋە ھەل قىلىش چارىلىرى بولۇپ، دەۋەت ۋە دەۋا خىزمىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ تۇسالغۇلارنىڭ تېخىمۇ زورىيىشى ۋە ئېغىرلىشىشى مۇقەررەر. لېكىن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى يەنى سەھىھ ھەدىسلەرگە چىڭ ئېسىلغان ئىمان كارۋانلىرىنىڭ ھەرقانداق تۇسالغۇلارنى يېڭىپ، ئالغا ئىلگىرلەپ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيدىغانلىقىدا شەك يوق.




بۇ يەردە، دوكتور ئەھمەد ئابدۇلمۇنئىمنىڭ فەيسبوك بېتىدىكى بۇ مەكتۇپنى پايدىلىق ۋە ماقالىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن، تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم[25]:

## ئىسلام خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا مەكتۇپ

**1. ئورنىڭىزنى بىلىڭ.** تۈزىمەن دەپ بۇزۇپ قويماسلىقىڭىز ئۈچۈن، ئۆز ساھەڭىزدىن ھالقىپ كەتمەڭ. (وَمَا مِنَّا إِلَّا لَهُ مَقَامٌ مَّعْلُومٌ). يەنى «بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار»[26].

**2. ئورنىڭىزنى ۋە ئىمكانىيىتىڭىزنى بىلگىنىڭىزدىن كېيىن، ئۇنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىڭ ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭ.** (خُذْ مَا آتَيْتُكَ وَكُن مِّنَ الشَّاكِرِينَ). يەنى «ساڭا مەن ئاتا قىلغاننى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن»[27].

**3. ھەرقانداق بىر ساھەدە ئۆزىڭىزدىن ئەۋزەل كىشىنى تاپسىڭىز، ئۇ ساھادە شۇ كىشىنى ئالدىغا چىقىرىڭ.** (وَأَخِي هَارُونُ هُوَ أَفْصَحُ مِنِّي لِسَانًا). يەنى «قېرىندىشىم ھارۇننىڭ تىلى مېنىڭكىدىن راۋاندۇر»[28].

**4. ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندەك، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىڭ.** شۇنداق قىلىش ئىختىلاپقا ئەمەس، بەلكى تاكامۇللۇققا ئېلىپ بارىدۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان بۇ سۆزىدىن دەرس ئېلىڭ: «يَا مُوسَى إِنِّي عَلَى عِلْمٍ مِنْ عِلْمِ اللَّهِ عَلَّمَنِيهِ لاَ تَعْلَمُهُ أَنْتَ، وَأَنْتَ عَلَى عِلْمٍ عَلَّمَكَهُ لاَ أَعْلَمُهُ». يەنى «ئى مۇسا! مەندە ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئاللاھ ماڭا بىلدۈرگەن، سەن بىلمەيدىغان ئىلىم بار؛ سەندە ئاللاھ ساڭا بىلدۈرگەن، مەن بىلمەيدىغان ئىلىم بار».

**5. باشقىلارنى چۈشۈرۈش، ئۆزىڭىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ بىلىش ۋە چۈشىنىش سەۋىيەتلىرىنى ئىنكار قىلماڭ.**

25 المصدر: صفحة الدكتور أحمد عبد المنعم على موقع «فيسبوك».

26 سۈرە سافقات 164-ئايەت.

27 سۈرە ئەئراف 144-ئايەت.

28 سۈرە قەسەس 34-ئايەت.

(وَقَالَتِ الْيَهُودُ لَيْسَتِ النصارى عَلَى شَيْءٍ وَقَالَتِ النصارى لَيْسَتِ الْيَهُودُ عَلَى شَيْءٍ وَهُمْ يَتْلُونَ الْكِتَابَ). يەنى «يەھۇدىيلار: <ناسارالار توغرا دىندا ئەمەس> دېدى. ناسارالارمۇ: <يەھۇدىيلار توغرا دىندا ئەمەس> دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى (يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى، ناسارالار ئىنجىلنى) ئوقۇيدۇ»[29]. دۇنيانىڭ مال-مۈلكىنى ئەمەس، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئەجىر-ساۋابنى كۆزلەپ ئىش قىلىدىغان بولۇڭ. (وَلَا تَقُولُوا لِمَنْ أَلْقَىٰ إِلَيْكُمُ السَّلَامَ لَسْتَ مُؤْمِنًا تَبْتَغُونَ عَرَضَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فَعِندَ اللَّهِ مَغَانِمُ كَثِيرَةٌ). يەنى «سىلەرگە (مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ) سالام بەرگەن ئادەمگە - دۇنيانىڭ مال-مۈلكىنى (يەنى غەنىيمەتنى) كۆزلەپ - سەن مۆئمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نۇرغۇن غەنىيمەتلەر (يەنى ئەجىر-ساۋابلار) بار»[30].

**6. قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن ھەرگىز ئىختىلاپلاشماڭ.** چۈنكى ئىختىلاپ ھەيۋەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنى كەتكۈزۈپ قويىدۇ. (وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ). يەنى «ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ»[31].

**7. مەن باشقىلار كۆرمىگەننى كۆردۈم دېگەن قاراشتىن ساقلىنىڭ.** چۈنكى بۇ سامىرىيچە قاراش بولۇپ، تەپرىقچىلىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ يولىدۇر. (بَصُرْتُ بِمَا لَمْ يَبْصُرُوا بِهِ). يەنى «مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۈم»[32]. دوكتور ئەھمەد ئابدۇلمۇئمىننىڭ مەكتۇپى بۇ يەردە تۈگىدى.

## خۇلاسە:

**دەۋەت ۋە دەۋا مۆئمىن-مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقىنىدىن كېيىن قىلىدىغان خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئالىسى ۋە ئەڭ شەرەپلىكىدۇر. چۈنكى بۇ، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ، سالىھ ۋە تەقۋادارلارنىڭ خىزمىتىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە ئورۇندا، بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى مەدھىيىلىگەن ۋە بۇ خىزمەتنىڭ ئەجىر-ساۋابىنىڭ كاتتىلىقىنى بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ خىزمەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ شەرەپلىك، ئەجىر-ساۋابى ئەڭ كاتتا خىزمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ۋە مۆئمىن-مۇسۇلمانلارنى بۇ شەرەپلىك خىزمەتكە چاقىرغان.**

لېكىن يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، دەۋەت ۋە دەۋا يولى پاياندازلار سېلىنغان، ئەتىر-گۈللەر چېچىلغان يول بولماستىن، بەلكى تىكەنلەر، ئېغىر كۈلپەتلەر، نۇرغۇن ئىچكى-تاشقى سىناق ۋە توسالغۇلار بىلەن قورشالغان قىيىن ۋە جاپالىق يولدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يولغا ئۆزىنى بېغىشلىماقچى بولغانلارنىڭ پۇختا تەييارلىق قىلىشى ۋە كۈچلۈك قوراللىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، پۇختا تەييارلىق قىلغان، كۈچلۈك قوراللانغان، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى يەنى

29 سۈرە بەقەرە 113-ئايەت.
30 سۈرە نىسا 94-ئايەت.
31 سۈرە ئەنفال 46-ئايەت.
32 سۈرە تاھا 96-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەھىھ ھەدىسلەرگە ئەگەشكەن ۋە ئۇلارنى ياشاش مىزانى قىلغان دەۋەت ۋە دەۋا كارۋىنى ئىلگىرىكى ئىمان كارۋىنىغا ئوخشاش، ھەرقانداق قىيىن توسالغۇلارنى يېڭىپ، يولىنى راۋان داۋاملاشتۇرالايدۇ. بۇ كارۋاننى داۋانلار توسالمايدۇ، پىتنە-پاساتلار قايمۇقتۇرالمايدۇ، بالا-مۇسىبەتلەر توختىتالمايدۇ، دۈشمەنلەر قورقۇتالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئىمان كارۋىنى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: (الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَانًا وَقَالُوا حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيل. فَانْقَلَبُوا بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ لَمْ يَمْسَسْهُمْ سُوءٌ وَاتَّبَعُوا رِضْوَانَ اللَّهِ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ). يەنى «(مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: <كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) ھەقىقەتەن سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار> دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: <بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!> دېدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. ئاللاھ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر»[33].

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەختەمجان ھەسەن.

33 سۈرە ئال ئىمران 173-. 174-ئايەتلەر.



# هالال يېيىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە هارامدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىلىرى



مۇھەممەد يۈسۈپ

هالال - هارام ئەڭ قەدىمىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كائىناتنىڭ بارلىق ئىشلىرى ۋە هاياتنىڭ مىزانىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنباسار قىلىپ ياراتقان بولۇپ، ئىنسانلار يەر يۈزىدە بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى بېسىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاۋاتلاشتۇرۇش ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يېمەك – ئىچمەك، نەسلىنى داۋام قىلدۇرۇش ئامىللىرى، بەختلىك هايات كەچۈرۈشنىڭ چارىلىرى قاتارلىق ياشاشنىڭ پۈتۈن ۋاستىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش بىلەن بىرگە ياشاشنىڭ قانۇن _ پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلىگەن. چۈنكى هەرقانداق بىر ئۇستا ئۆزى ياسىغان نەرسىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ئۇنى قانداق ئاسراش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلگىنىگە ئوخشاش، ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ بەھۇزۇر هايات كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم قانۇن – پىرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. بۇ قانۇن – پىرىنسىپلار «قىل» ۋە «قىلما» ياكى «هالال» ۋە «هارام» دېگەن ئىككى سۆزگە مەركەزلەشكەن.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى هەۋۋانى جەننەتتىن يەر يۈزىگە چىقىرىشتىن ئاۋۋال بۇ ئىككىسىنى هالال – هارام بىلەن سىنىغان. بۇ سىناق ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا «هالال – هارام» نى ئۆگىتىشتىكى تۇنجى مەشق ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىككىسىگە جەننەتتە هەممە نەرسىنى هالال قىلىپ بېرىپ، پەقەت بىر تال دەرەخنىڭ مېۋىسىنىلا هارام قىلغانلىقى ئۇلارغا هالال – هارامنىڭ پەلسەپىسىنى بىلدۈرگەنلىكى ئىدى. دېمەك، هالال – هارام مەسىلىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى هەۋۋا ئىككىسى جەننەتتىكى ۋاقىتتىلا باشلانغان.

هالال _ هارامنى بەلگىلەش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ هەققىدۇر. ئاللاھ تائالا هالال بىلەن هارامنى ھېكمەت بىلەن بەلگىلىگەن. خۇددى تېلېۋىزىيە، كىر ئالغۇ، ئۈن ئالغۇ ۋە

سىن ئالغۇ قاتارلىق جىھازلارنى ياساپ چىققانلار بۇ جىھازلارنى قانداق يوسۇندا ئىشلىتىش ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش دېگەندەك تەلىماتلىرى يېزىلغان بىرەردىن كىتابچىنى بۇ جىھازلارنى ئالغۇچىلارغا قوشۇپ بەرگىنىگە ئوخشاش، ئاللاھ تائالامۇ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتنى ۋە ئۇلارغا نېمىلەرنىڭ پايدىلىق، نېمىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار قانداق قىلغاندا ھاياتنى بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ساماۋى كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، «ھالال_ ھارام» نامى ئاستىدا تەلىماتلىرىنى ئۆگەتكەن. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن ھالال – ھارام توغرۇلۇق قانۇن – پرىنسىپلارنى بەلگىلەشتە ئىنساننىڭ سەۋر- تاقەتتىكى قۇدرىتىگە ۋە ئىمكانىيىتىگە تولۇق رىئايە قىلغان. شۇڭا ئىنسانلار نەپەس ئالىدىغان ھاۋادا ھالال – ھارام بەلگىلىمىگەن. چۈنكى ئىنسان ھاۋاسىز ياشىيالمايدۇ. ئەمما يېمەك – ئىچمەكلەردە ھالال – ھارامنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ئىنسان ھارام يېمەستىنمۇ ھاياتنى داۋام قىلدۇرالايدۇ. ئاللاھ تائالا ھالال بىلەن ھارامنى بەلگىلىگەندە، بىزگە نېمىلەرنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا بىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلىرىنى ھالال پېتى بويىچە بەلگىلىگەن. ئەمما بىز ئۈچۈن – ئەقلىمىز، دىنىمىز،جىسمىمىز، تەن ساقلىقىمىز ۋە ھاياتىمىز ئۈچۈن – زىيانلىق بولغانلىرىنى ھارام قىلىۋەتكەن. بۇ خۇددى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكىلەرنىڭ بېنزىننى تۈرلەرگە ئايرىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئاپتوموبىل ئۈچۈن مەخسۇس قىلىنغان بېنزىننى ئايروپىلانغا قاچىلىغاندا، ئايروپىلان ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. ئۇچقان تەقدىردىمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئادەم ئۆلىدۇ.... خۇددى شۇنىڭدەك، سىزگە مەخسۇس قىلىنغان ھالال تائامنى يېمەستىن، ھارام تائامنى يېسىڭىز ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى بىلەن زىتلاشقان بولىسىز، تەن ساقلىقىڭىزغا زىيان يەتكۈزىسىز_ دە، زەھەرلىنىپ ئۆلىسىز، ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، كېسەل بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن ھاياتتىكى ۋەزىپىڭىزنى ئۆتەشتىن ئاجىز قالىسىز. ھارام دېگەن ئەنە شۇنداق زىيانلىق نەرسە.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھالالدىن رىزىق بېرىشنى، بارلىق جان ئىگىلىرىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ رىزقىنى تېپىپ يېيىشتىن ئاجىز كېلىدىغان جانىۋارلارنىمۇ رىزىقلاندۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بارلىق جان ئىگىلىرىنى ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىش يولىدا سەۋەب قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان بولسا، ئىنسانلارنى ئىشلەشكە ۋە ھالال رىزىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇغان.

رىزىق – ئىنسان ھاجەت بولىدىغان ۋە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەر دېگەنلىكتۇر. رىزىق پۇل-مال ۋە يېمەك- ئىچمەك بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭدۇر. مەسىلەن: تەن ساقلىقى،

ياخشى جۆرە، پەرزەنتلەر، ۋاپادار دوست، شۇنداقلا ئىمان، ئىلىم، گۈزەل ئەخلاق، تەقۋالىق ۋە ياخشى ئەمەل قاتارلىقلارمۇ رىزىقتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن رىزىق ۋە ئاتا-ئىھسانلاردۇر. چۈنكى ئىسلام نەزىرىدە رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى ۋە ئىنئامىدۇر. رىزىق بەرگۈچى پەقەتلا ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا چىن ئىشىنىش مۆئمىن ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسىدۇر.




## رىزىق ھاسىل قىلىشنىڭ پرىنسىپى

ئىسلام نەزىرىدە رىزىقنى ھاسىل قىلىشنىڭ پرىنسىپى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**1. ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە ئۇنىڭدىن رىزىق تىلەش.** چۈنكى رىزىق بەرگۈچى پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. (إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ) «شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەممىگە) رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەت ۋە كۈچ ــ قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر»[1].

**2. ئىشلەش ۋە سەۋەب قىلىش.** (هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ) «ئۇ زېمىننى سىلەرگە بويسۇندۇرغان قىلىپ بەرگەن زاتتۇر، ئەمدى سىلەر (تىرىكچىلىك قىلىپ) زېمىننىڭ تەرەپ ــ تەرەپلىرىدە مېڭىپ، ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلگەن جايىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر»[2].

**3. ئۇسۇم مۇئامىلىسى، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىق دېگەندەك ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، ھالال ئىش قىلىش.** «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار»[3].

**ئىسلام ئۆلىمالىرى ھالال پۇل بىلەن ھارام پۇلنى مۇنداق تونۇشتۇرغان:** «پۇلنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنى ھاسىل قىلىش يوللىرى ھالال بولسا، يەنى پۇلنى ئىسلام شەرىئىتى كۆرسەتكەن يول بىلەن تاپقان بولسا، بۇنداق پۇل ھالال پۇلدۇر. ئەكسىچە، پۇلنىڭ مەنبەسى ۋە تېپىش يوللىرى ھالال بولمىسا، يەنى ئىسلام شەرىئىتى مەنئى قىلغان يوللار بىلەن تاپقان پۇل بولسا، بۇنداق پۇل ھارام پۇلدۇر»[4].

**ھارامدىن پۇل تېپىشنىڭ مىساللىرى:**

ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، كىشىلەرنى قورقۇتۇپ پۇلنى ئېلىۋېلىش.

---

2 مۇلك سۈرىسى: 15- ئايەت.

3 بەقەرە سۈرىسى: 172- ئايەت.

4 دوكتور ھۈسەين شاھاتەنىڭ «تطهير الأرزاق في ضوء الشريعة الإسلامية» ناملىق ئەسىرى، 45 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېۋېلىش، خۇسۇسەن، يېتىملەرنىڭ ھەققىنى يېۋېلىش.

بانكىدا پۇل قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆسۈمىنى ئېلىش، قەرز بېرىپ ئۆسۈم ئېلىش.

زىنا قىلىپ، زىناغا دەللاللىق قىلىپ ياكى سايە قىلىپ پۇل تېپىش.

قىمار ئويناپ ياكى ئۇنىڭغا دەللاللىق قىلىپ پۇل تېپىش.

ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىدىن پايدىلىنىپ يولسىزلىق قىلىپ پۇل تېپىش، پارا ئېلىش.

ھاراق، تاماكا، زەھەرلىك چېكىملىك ياكى ئىچىملىك سودىسى قىلىپ پۇل تېپىش.

يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ ياكى يالغان دىپلوم، ھۆججەت قاتارلىقلارنى ياساپ پۇل تېپىش.

كىلودا ياكى ئۆلچەمدە كەم تارتىپ بېرىپ پۇل تېپىش.

گۇناھسىز كىشىلەرگە قارا چاپلاپ ياكى چېقىشتۇرۇپ پۇل تېپىش.

ئىسلامدا سېتىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى سېتىپ پۇل تېپىش.

زالىملارغا، مۇستەملىكىچىلەرگە ھەمكارلىشىپ پۇل تېپىش.

سودىدا يالغان ئېيتىپ، كۆز بوياپ پۇل تېپىش.

## رىزىقتا بەرىكەت ھاسىل قىلىش يوللىرى

رىزىقتا بەرىكەت ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى بەرىكەتتى بولمىغان رىزىقنىڭ ۋە ھەرقانداق ئىشنىڭ مەنپەئەتى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ، راۋاجى بولمايدۇ. بەرىكەت ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

**1. ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش.** تەقۋالىق ھەرگىزمۇ نۇرغۇن كىشىلەر چۈشىنىۋالغاندەك تاشقى قىياپەتكە قارىتىلغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنيايىمىزنى ئىسلاھ قىلىش، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئاللاھ تائالا توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھ تائالاغا تولۇق ئىتائەت قىلغان كىشىنىڭ رىزقى بەرىكەتلىك، ئىشلىرى بەرىكەتلىك ۋە ئائىلىسى بەرىكەتلىك بولۇشىدا قىلچە شەك يوق. ئاللاھ تائالا ئىمان ۋە تەقۋالىقنىڭ بەرىكەتكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «(پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (گۇناھ ــ مەئسىيەتتىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ئاسمان ــ زېمىننىڭ بەرىكەتلىرىنى



ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق. لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) يالغانچى دېدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق»[5].

**2. ئاللاھ تائالانىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىگە چىن ئىشەنچ قىلغان ھالدا، رىزىق ئىشىكىنى ئەمگەك ئاچقۇچى بىلەن ئېچىش.** ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى سەۋەبلەرگە باغلىق قىلغان بولۇپ، ئىشلەش، سەۋەب قىلىش بەرىكەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

**3. شۈكۈر قىلىش.** شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش بەرىكەتنىڭ ۋە تېخىمۇ زىيادىسىگە ئېرىشىشنىڭ ئامىلىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، شەكسىزكى، مېنىڭ ئازابىم بەكمۇ قاتتىقتۇر»[6].

5 ئەئراف سۈرىسى: 96- ئايەت.



## ھالال يېيىشنىڭ ئەھمىيتى

ھالال يېيىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ياخشى زاتلارنىڭ ئەخلاقىدۇر. ھارام يېيىش ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولماسلىقىغا ۋە دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

**1. يېمەك-ئىچمىكى، كىيىم-كېچىكى ھارامدىن بولغان ئادەمنىڭ ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك بولغىنىنىلا قوبۇل قىلىدۇ»[7]. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: قەلبى پاك، يېمەك- ئىچمەكلىرى ھالالدىن بولۇپ، پاك بولغانلارنىڭلا قىلغان ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

**2. ھارام يېگەن ئادەمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۈستى بېشىنى چاڭ توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ‹ئى رەببىم! ئى ئىگەم!› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن - ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن!؟»[8].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، بىراۋ ئەڭ بىچارە قىياپەتتە ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغان ۋە ئۇ شۇ ھالەتتە بىلەن دۇئاسى ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ

8 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېگىشلىك بولغان تۇرسىمۇ، ئۇ هارامدىن ئوزۇقلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ. ساهابىلار يېمەك – ئىچمەكلىرىنىڭ هالالدىن بولىشىغا بەكمۇ ئەهمىيەت بېرەتتى، ئۇلار هالاللىقى ياكى هاراملىقىدا ئازراق شۈبهە بولغان نەرسىلەردىنمۇ خۇددى ئوتتىن قاچقاندەك قاچاتتى. هەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاهۇنىڭ بىر كىشى تەرىپىدىن هەدىيە قىلىنغان يېمەكنى يەپ سېلىپ، ئۇنىڭ هالاللىقىدا شۈبهە بارلىقىنى بىلگىنىدىن كېيىن، قولىنى ئاغزىغا تىقىپ تۇرۇپ ناهايىتى تەسلىكتە ئۇنى ياندۇرىۋەتكەنلىك قىسسىسىمۇ رەسۇلۇللاهنىڭ ساهابىلىرىنىڭ هارام يېيىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر. ئەللامە هافىز ئىبنى رەجەب مۇنداق دېگەن: «بۇ هەدىس هارام يېيىشنىڭ ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىغا توسقۇن بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى هالالدىن يېمىگەن كىشىنىڭ ئەمەللىرى قوبۇل بولمايدۇ، هارام يېيىش ئەمەلنى بۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭ قوبۇل بولۇشىنى توسىدۇ».



## هارامدىن پاكلىنىش

هەرقانداق بىر گۇناهتىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا سەممىي تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراش پەرز بولغاندەك، هارامدىن پاكلىنىش ۋە ئۇنىڭ گۇناهىدىن تازىلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سەممىي تەۋبە قىلىش پەرزۇدۇر. ئىنسانلار تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان گۇناھ ۋە قىلمىشلار يا ئاللاھ تائالانىڭ هەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان بولىدۇ، ياكى مەخلۇقاتلارنىڭ هەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ئۇنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى هەققى بولۇپ، ئۇلارنى بەجا كەلتۈرۈش ئىنسانلارنىڭ بۇرچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى گۈزەل سۈرەتتە يارىتىپ، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ خوجايىنى قىلدى، ئۇلارنى ئەڭ هۆرمەتلىك قىلدى، ئۇلارغا تۈرلۈك سان- ساناقسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى، باشقا مەخلۇقاتلارنى ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىپ بەردى. ئەهۋال بۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى هەقلىرى كۆپتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۇنىڭ هەققىگە قارشى قىلمىش سادىر قىلغان بولىدۇ. مەخلۇقاتلارنىڭ، خۇسۇسەن ئىنسانلارنىڭ هەققى ئىنسانلار تەرىپىدىن زىيان - زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىلماسلىقىدۇر. ئىنسانلارنى زىيان- زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ هەقلىرىنى

يېۋېلىش ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ھەق- ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ.

**ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۈچ شەرت بار، ئۇلار:**

**1. قىلغان گۇناھ - مەئسىيەتلەر ئۈچۈن پۇشايمانلىق ھېس قىلىش.**

**2. بۇرۇن قىلغان گۇناھ- مەئسىيەتلەرنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.**

**3. گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن قەتئىي قول ئۈزۈش.**

ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى سادىر قىلىنغان قىلمىشلار ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن بىرگە، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. ھەققىنى يەۋالغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش، تۆھمەت قىلغان ياكى ئابرۇيىنى تۆككەن ۋە ياكى قانداقلا بىر يامانلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن رازىلىق ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى ھەق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھەقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قىلمىشكارلىرنى ئۆزلىرى كەچۈرمىگۈچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

**ئىستىغفار** – ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى تىلەش دېگەنلىكتۇر.

**تەۋبە** – سادىر قىلىنغان گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، توغرىلىققا قايتىش دېمەكتۇر.

قۇرئان كەرىم بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، رەببىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوقىتا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ»[9].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغفارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىستىغفار ئېيتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئادەمگە ئاللاھ ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى ۋە ھەرقانداق غەم - قايغۇدىن خۇشاللىق يارىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن يەردىن رىزق بېرىدۇ»[10].

**ئەزھەر ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئۇستازلىرىدىن دوكتور ئابدۇلھەي فەرماۋى «سائادەتنىڭ يولى ئاللاھقا تەۋبە قىلىشتۇر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «تەۋبىنىڭ ھەقىقەتەن زور پايدىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:**

تەۋبە بارچە ياخشىلىقلارغا تۈرتكە بولىدۇ.

تەۋبە ئىنساننىڭ مەنىۋى قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

تەۋبە بەخت-سائادەتنىڭ يولىدۇر.

---

9 تەھرىم سۈرىسى8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
10 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەۋبە ئىنساننى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېلىپ بارىدۇ.

تەۋبە بەندىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىتائەتمەنلىكىنى ئاشۇرىدۇ.

تەۋبە قەلبنى ئاللاھتىن قورقىدىغان قىلىدۇ.

تەۋبە توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ يولىنى توغرىلاپ بېرىدۇ»[11].

## ھارامدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى

بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى ھارام مالدىن دەرھال قۇتۇلۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىدە ئىتتىپاقتۇر. ھارامدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ۋە چارىلىرى ھەققىدە ئەمەلىي ئەھۋال ۋە شارائىتقا قاراپ ئۆلىمالارنىڭ ھەرخىل كۆزقاراشلىرى مەۋجۇت. ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: «ئۆلىمالىرىمىز قولىدىكى ھارام مالنىڭ تەۋبىسى ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇ ھارام مال بىراۋدىن ئالغان ئۆسۈم (جازانە) ياكى زۇلۇم ۋە يولسىزلىق بىلەن ئالغان مال بولسا، ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش، ئەگەر ئىگىسىنى تاپالمىسا، يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىۋېتىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر قولىدىكى پۇل-مالنىڭ قانچىلىكى ھالال ۋە قانچىلىكى ھارام ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالسا، ئۆزىنىڭ گۇمانىنىڭ كۈچلۈك تەرىپىنى ھېسابقا ئېلىپ ئىش كۆرسە بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر زىممىسىدىكى ھەقلەر كۆپ بولۇپ ئۇنى تۆلەشكە كۈچى يەتمەيدىغان دەرىجىدە

11 دوكتور ئابدۇلھەي فەرماۋىنىڭ «طريق السعادة ... التوبة إلى الله» ناملىق ئەسىرى، 23- بەت.

بولسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى قول ئىلكىدە بار بولغان نەرسىلەردىن بىر قۇر كىيىم ۋە يېمەك-ئىچمەكلىرىنى ئېلىپ قېلىپ قالغىنىنى سەدىقە قىلىۋېتىش ياكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان جايلارغا ئىئانە قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان»[12].

ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «ھارام مالدىن تەۋبە قىلىشنىڭ شەرتى زىممىسىدىكى ھارام مالنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش، ناۋادا مال ئىگىسى بولمىسا، ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ بېرىش، ئەگەر ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا بېرىش، ۋارىسلىرى بولمىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ جەمئىيەتلىرىگە، ئۇلارمۇ بولمىسا يوقسۇللارغا بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ھارام مالدىن قۇتۇلماقچى بولغان ئادەم قۇتۇلۇش نىيىتى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھنىڭ ئۇنى مەغپىرەت قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر»[13].

## ھارام ئارىلىشىپ قالغان مالنى پاكلاش مەسىلىسى

بەزى كىشىلەر ھالال كەسىپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھارام ئىشلارنىمۇ قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كەسىپتىن تاپقان ھالال پۇلغا ھارام پۇل ئارىلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇل-مالغا ئارىلىشىپ قالغان ھارامنى ئايرىپ چىقىرىۋەتمىگەندە، قولدىكى ھالال پاكلانمايدۇ. قولدىكى ھالال ھارامدىن ۋە شۈبھىلىك

12 «الجامع لأحكام القرآن»3- توم، 366- 367- بەتلەر.

13 «المنثور في القواعد للزركشي»2- توم، 425- 426- بەتلەر.

ئىشلاردىن پاك-پاكىز بولمىسا، ئەمەل ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىغا، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا توسقۇن بولىدۇ.

## هالالغا هارام ئارىلىشىپ قالىدىغان ئىشلاردىن بەزى ئۆرنەكلەر

ئىسلام شەرىئىتىدە سېتىشقا رۇخسەت قىلىنغان هالال نەرسىلەرنى سېتىش بىلەن بىرگە تاماكا، هاراق، چوشقا گۆشى، ئاق چېكىملىك ، دېگەندەك هارام نەرسىلەرنىمۇ سېتىش ياكى بەزى ماللارغا باشقىلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلاپ سېتىش ۋە ياكى سودىدا ئالدامچىلىق قىلىش قاتارلىقلار.

مېۋە، كۆكتات، ئاشلىق قاتارلىقلارنى ساتىدىغانلارنىڭ ياخشىسىنى ئۈستىگە، ناچارلىرىنى ئاستىغا تىزىپ سېتىشى.

قىلغان ئىشى ياكى كەسپى گەرچە هالال بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ هەققىدىن زىيادە هەق ئېلىش.

مېهمانخانىلارنىڭ مېهمانلار ئۈچۈن تەقدىم قىلىدىغان خىزمەتلىرى ئىچىدە هارام ئىشلارنىمۇ قىلىشى ياكى هارام نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىشى.

بانكىلارنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرىئەت هارام قىلغان جازانە دېگەندەك هارام ئىشلارنىمۇ قىلىشى.

بەزى شىركەتلەرنىڭ هالال ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا جازانە قىلىدىغان بانكىلاردا پۇل قويۇش دېگەندەك بەزى هارام ئىشلارنىمۇ قىلىشى ۋە باشقىلار.

## هارام ئارىلىشىپ قالغان مالنى پاكلاش ئۇسۇلى

ئىسلام ئۆلىمالىرى هارام ئارىلىشىپ قالغان مالنى پاكلاشتا مۇنداق قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان[14]:

هالالغا ئارىلىشىپ قالغان هارام هەممىنى هارام قىلىۋەتمەيدۇ.

هالالغا ئارىلىشىپ قالغان هارامنى ئايرىپ چىقىپ، يوقسۇللارغا ياكى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق جەمئىيەتلەرگە بېرىش لازىم.

هالال بىلەن هارام ئارىلىشىپ قالىدىغان ئىشلاردىن كەسىپلەردىن ۋە مۇئامىلىلەردىن يىراق تۇرۇش تەقۋالىقنىڭ تەلىپىدۇر.

## هالال مالدىن هارامنى ئايرىپ چىقىش قىيىن بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟

كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، بانكىدا قويغان پۇلغا، شىركەت هەسسىدارلىقىغا ۋە باشقا مۇئامىلىلەرگە ئارىلىشىپ قالغان هارامنى ئايرىپ چىقىش قىيىن بولغاندا، بۇ هەقتە ئىختىساس ئىگىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش لازىم كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار هېسابلاپ بېرەلەيدۇ. بۇنداق قىلىش دىنىمىزدا يولغا قويۇلغان ئۇسۇل بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكىتىنى، هەتتا تېخى يىغىۋېلىنمىغان مېۋىلەرنىڭ زاكىتىنى هېسابلاشتا قوللانغان چارىدۇر. بۇنى فىقهى كىتابلىرىدا «خەرس» دەپ ئاتايدۇ.

---

14 دوكتور هۈسەين شاهاتەنىڭ «تطهير الأرزاق في ضوء الشريعة الإسلامية» ناملىق ئەسىرى،56- بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ھارام مالنى ئىبادەت ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى ھارام مالنى ھېچقانداق بىر ئىبادەت ئۈچۈن قوللىنىشقا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ھەتتا بەزى ئۆلىمالار ھارام پۇلغا قۇرئان سېتىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ھارام مالنى پېقىرلارنى ۋە مىسكىنلەرنى تائاملاندۇرۇش، قەرزىسىنى تۆلىيەلمىگەنلەرنىڭ قەرزىسىنى تۆلەپ بېرىش، ھەر قايسى ئىلىم ساھەلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا، تەتقىقاتچىلارغا ۋە ياشلارنىڭ ئۆيلىنىش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلەتسە بولىدۇ دەپ قارايدۇ[15].

## ھارام مال بىلەن ھەج قىلىشقا بولامدۇ؟

ھەنەفىي مەزھىپى ئۆلىمالىرىنىڭ ۋە باشقا كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، ھارامدىن پۇل تاپقان ئادەمنىڭ ئاشۇ ھارام پۇل بىلەن قىلغان ھەججى قوبۇل بولمايدۇ ۋە قىلغان ھەججىدىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ساۋاب بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ھەج پەرزى ساقىت بولىدۇ. ھەج پەرزى ساقىت بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇ كىشى نامازنى تەرك ئەتكەن ئادەم جازالانغاندەك ھەج پەرزى ئۈچۈن جازالانمايدۇ[16].

## ھارام ئارىلىشىپ قالغان مالنىڭ زاكىتى قانداق ئادا قىلىنىدۇ؟

ھالال مالغا ھارام مال ئارىلىشىپ قالغاندا، ھالال مالنىڭ مىقدارى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا، ھالال مالنىڭ زاكىتى بېرىلىدۇ. چۈنكى ھارام مالغا زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر ھالال مالنىڭ مىقدارى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن بولسا زاكات كەلمەيدۇ. ھاراملىقى ئېنىق ئەمەس، ھالاللىقىدا شۈبھە بولغان مالغا زاكات كېلىدۇ[17].

## مەنبەسى ھارام ياكى ھارام ئارىلىشىپ قالغان مىراسنى ئېلىشقا بولامدۇ؟

ئاللاھ تائالا بىزنى مىراسنى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە تەقسىم قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە مىراس ئىلمىنى ئۆگىنىشنى پەرز قىلغان. شۇڭا مىراس ئىلمى «علم الفرائض» (پەرزلەر ئىلمى) دەپ ئاتالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى تەكىتلەپ: «مىراس ئىلمىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇ ئىلىمنىڭ يېرىمىدۇر، ئۇ تېز ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەڭ ئاۋۋال سۇغۇرۇلۇپ كېتىدىغان ئىلىم مىراس ئىلمىدۇر»[18] دەپ كۆرسەتكەن.

15 دوكتور ھۈسەيىن شاھاتەنىڭ «تطهير الأرزاق في ضوء الشريعة الإسلامية» ناملىق ئەسىرى، 65- بەت.
16 ئەللامە ھۈسەيىن مۇھەممەد مەخلۇفنىڭ «فتاوى شرعية» ناملىق ئەسىرى، 2- توم، 7-8 بەتلەر.

17 دوكتور ھۈسەيىن شاھاتەنىڭ «تطهير الأرزاق في ضوء الشريعة الإسلامية» ناملىق ئەسىرى، 71- بەت.
18 ئىبنى ماجە ۋە دارا قۇتنى رىۋايىتى.

مىراس قالغان پۇل-مال ھالال بولسا، ۋارىسلارنىڭ ئۇ مىراستىن بەھرىمەن بولۇشىدا ھېچقانداق چەكلىمە يوقتۇر. ناۋادا مىراس قالغان پۇل-مال ھارام ياكى ھارام ئارىلىشىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ھۆكمى مۇنداق بولىدۇ:

ۋارىسلار ئۆزلىرىگە قالغان مىراسنىڭ مەنبەسى ھاراق، تاماكا، ئاق چېكىملىك، چوشقا گۆشى دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىپ تاپقان ياكى ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق دېگەندەك ھارام يوللار بىلەن باشقىلاردىن ئېلىۋالغان ھارام مال ئىكەنلىكىنى بىلسە، بۇ مالنى ئىشلىتىش ئۇلارغا ھالال بولمايدۇ. ئۇ مالدىن چوقۇم قۇتۇلۇشى كېرەك. بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول بار بولۇپ، بىرى، باشقىلاردىن ئېلىۋالغان مالنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش، مال ئىگىلىرىنى تاپالمىسا ياكى كىملەرنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئومۇمىي مۇسۇلمانلار مەنپەئەتلىنىدىغان ئورۇنلارغا ئىئانە قىلىۋېتىشتۇر.

مىراسنىڭ مەنبەسى ھالال بولۇپ، تىجارەتتە ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، كۆز بوياش ۋە يالغاندىن قەسەم قىلىش ئارقىلىق ھارام قوشۇلۇپ قالغان بولسا، مۇنداق ھارامنى ھالالدىن ئايرىش قىيىن بولغانلىقتىن، ۋارىسلار مىراستىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ. ئەگەر ۋارىسلار گۇناھتىن ۋە ھارامدىن پاكلىنىشنى خالىسا، مىراستىن ئۆزى ھارام دەپ تەخمىن قىلغان قىسمىنى ياخشىلىق يوللىرىغا، يوقسۇللارغا بەرسە بولىدۇ. ئەگەر مىراسنىڭ كۆپ قىسمى ھالال ۋە ئاز قىسمىلا ھارام بولسا، ۋارىسلار يەنىلا مىراستىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ، مىراستىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ھەققى بار. بەزى ئۆلىمالار ئاشۇ ئاز قىسىم ھارامنى ئايرىپ چىقىپ ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ توغرىدا بىرلىككە كېلىنگەن فىقھىي دەلىل يوق. ئەللامە يۈسۈپ قەرداۋىغا ئوخشىغان بەزى ئۆلىمالار مىراسنى ۋارىسلارغا ھالال قىلىدىغان ھارامنىڭ مىقدارى ئومۇمىي مىراسنىڭ يۈزدە 25 پىرسەنتىدىن ئارتۇق بولماسلىقى شەرت دېگەنلەرمۇ، ئومۇمىي مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇق بولماسلىقى شەرت دېگەنلەرمۇ بار. ھەربىرىنىڭ ئۆز ئىجتىھادىنى كۈچلەندۈرىدىغان دەلىللىرى بار»[19].

## يېتىملەرنىڭ مېلىغا ئارىلىشىپ قالغان ھارام مەسىلىسى

يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغان ئادەم (ۋەسىي) بەزىدە يېتىملەرنىڭ پۇل-مېلىنى بانكىدا قويۇپ ساقلاشقا ھاجەت بولىدۇ. يېتىملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلالىغۇدەك ياشقا كەلگەندە، ۋەسىي ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، پۇلنى بانكىدىن ئالىدۇ. ئۇ چاغدا ئەسلىدىكى پۇل بىلەن بانكىدا يىللاردىن بېرى ئۆسكەن پۇل قوشۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا،

19 قاتارنىڭ «صندوق الزكاة» ناملىق زاكات فوندى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىلمى تەتقىقات دوكلاتى، 2004- يىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىملەرنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭغا كىرىپ قالغان ھارامدىن قانداق پاكلاش كېرەك؟

ئۆلىمالار بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «يېتىملەر ئۆزلىرىنىڭ پۇل-مېلىدىكى ھارامنى ياكى شۈبھىلىك مىقدارنى ئايرىپ چىقالىسا، ئاشۇ ئايرىغان مىقدارنى يوقسۇللارغا ياكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك ئورۇنلارغا ئىئانە قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئۆزلىرى بىلەلمىسە، بانكىدىن ئەسلى پۇل بىلەن ئۆسكەن پۇلنىڭ مىقدارىنى سورىسا، ئۇلار ھېسابلاپ بېرىدۇ. ئاشۇ ھېسابلاپ بېرىلگەن ئۆسۈم مىقدارىنى يۇقىرىقى ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە ئىئانە قىلىۋەتسە بولىدۇ. ناۋادا مەزكۇر يېتىم (ياكى يېتىملەر) يوقسۇل بولۇپ، ئۇلارغا زاكات ئېلىش دۇرۇس بولىدىغان دەرىجىدە بولسا، ئۆسكەن پۇلنى ئۆزى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۆسۈمدىن قۇتۇلغىنى ئەۋزەلدۇر»[20].

## پۇل - مېلىغا ھارام قوشۇلۇپ قالغان ئادەمگە قىز بېرىشكە بولامدۇ؟

ھالالدىن پۇل تېپىش، ھالال يېيىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ۋە ساغلام ئائىلىنىڭ كاپالىتىدۇر. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق ۋە بەختلىك ئۆتەلەيدىغان بىرىگە ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھالال لوقما ئەخلاقلىق ۋە ئەقىللىق پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ يولىدۇر. شۇڭا، قىز-يىگىتلەرنى ئۆيلەندۈرۈشتە قۇدىلاشقۇچى ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ھالال كەسىپ قىلىدىغانلىقىغا ۋە ھالالدىن يەپ-ئىچىدىغانلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىشى لازىم. ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلىسى ئېيتقاندەك، «ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي زۇلۇم ئۆزىنىڭ دىيانەتسىز ئوغلىغا دىيانەتلىك قىز ئېلىپ بېرىشكە ئۇرۇنۇشتۇر».

ئاق چېكىملىك، ھاراق، تاماكا، چوشقا گۆشى دېگەندەك ھارام نەرسىلەرنى ئېلىپ ساتىدىغان، قىمارخانىلاردا، تانسىخانىلاردا ئىشلەيدىغان، سودىدا ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىق قىلىدىغان، قويمىچىلىق قىلىدىغان يىگىتلەر دىيانەتلىك قىزلارغا خېرىدار بولۇپ كىرسە قانداق قىلىش كېرەك؟

بەزى ئۆلىمالار بۇنداق يىگىتلەرگە ھارام ئىشلار يۈز بېرىدىغان جايلاردا ئىشلەشتىن ۋاز كېچىشنى، ھالالدىن پۇل تېپىش يولىغا كىرىشنى تەۋسىيە قىلىش لازىم. ئەگەر ۋاز كەچسە ۋە ھالال ئىش قىلىپ پۇل تېپىش يولىغا كىرسە، ئۇنىڭغا قىز بېرىشكە بولىدۇ، ناۋادا نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىسا ۋە ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىدا ئىشلەشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭغا قىز بەرمەسلىك كېرەك، دەپ قارايدۇ.

20 دوكتور ھۈسەين شاھاتەنىڭ «تطهير الأرزاق في ضوء الشريعة الإسلامية» ناملىق ئەسىرى، 76- بەت.

ئىسلام فىقھىي ئالىملىرى قىز تەلەپ قىلغۇچى يىگىتنىڭ دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق بولۇشى شەرت ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: (وَالطَّيِّبَاتُ لِلطَّيِّبِينَ وَالطَّيِّبُونَ لِلطَّيِّبَاتِ) «پاك ئاياللار پاك ئەرلەرگە لايىقتۇر، پاك ئەرلەر پاك ئاياللارغا لايىقتۇر»[21] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ دىيانىتىگە ۋە ئەخلاقىغا قايىل بولساڭلار، ئۇلارنى دەرھال ئۆيلەندۈرۈڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە- پاسات ۋە چوڭ بۇزغۇنچىلىق تۇغۇلىدۇ»[22] دەپ كۆرسەتكەن.

21 نۇر سۈرىسى: 26- ئايەت.
22 ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى.

ئۆلىمالارنىڭ ھارامدىن پۇل تاپىدىغان ئادەمگە قىز بەرمەسلىك لازىم دېگەنلىكىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۆيلىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئۆيلىنىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتقانلىق ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغان ئىبادەت ھارام بىلەن بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئاساسى ھارامدىن قۇرۇلغان بىر ئائىلىگە ئاللاھ تائالا قانداقمۇ بەرىكەت ئاتا قىلسۇن؟!

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە

ئابدۇلئەھەد هاپىز

ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە سالامىنى تىلەيمىز. ئى رەببىمىز! بىزنى ھەق سۆزگە ھىدايەت قىلىنغان ۋە توغرا يولغا ھىدايەت قىلىنغانلاردىن قىلغىن. ئاللاھىم! بىزگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۆگەتكىن ۋە بىزگە ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى بىز ئۈچۈن پايدىلىق قىلغىن. بىزنىڭ ئىلمىمىزنى زىيادە قىلغىن، ئامىن.

بىز ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت بولغان مۇسۇلمانلار پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنى پەيغەمبەرلىك ماقامىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان، قەۋمى ئارىسىدا ئەيىبلىنىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن پاك (گۇناھسىز)، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز ۋە پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە مۇشۇ ئەقىدە بىلەن قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرى ھەققىدىكى نالايىق گەپلىرىنى رەت قىلىمىز ۋە ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە قارشى قوغدايمىز.

كۈنىمىزدە قۇرئاننى كۆتۈرۈۋېلىپ قۇرئاننى توپ يىلتىزىدىن يوقىتىشقا ئۇل ھازىرلاۋاتقان بەزى ئاتالمىش شەخسلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىنى ئىنكار قىلىپ، بەزى ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ قۇرئانغا ئاساسەن پەيغەمبەرلەر پاك ئەمەس، دەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇۋېتىپ بارىدۇ. مۇسۇلمان ياشلىرىمىزنى بۇنداق ئازغۇن پىكىرلەردىن قوغداش، ئۇلارنى پەيغەمبەرلەر ھەققىدە تەۋرەنمەس، ساغلام ئەقىدىگە باشلاش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىش ۋە ئاتالمىش شەخسلەرنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرىگە رەددىيە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئىنكارچىلارغا رەددىيە بېرىشتىن ئاۋۋال پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقى دېگەن سۆز نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟ پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىنىڭ دەلىلى نېمە؟ پەيغەمبەرلەر نېمىلەردىن پاك؟ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئاۋۋال پاكمۇ ياكى كېيىنمۇ؟ دېگەنلەرنى ئايدىڭلاشتۇرايلى.




## «پەيغەمبەرلەر پاك» دېگەن سۆز نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى، ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ مۇكەممىلىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تاللاپ جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە قىلغان. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى بەندىلەرگە يەتكۈزۈش، ئۇنى ئەمەلى تەدبىقلاش ۋە بەندىلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن رەھبەر قىلغان.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، ئىنسانلارنى سۆزلىرى ۋە ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن ھىدايەتكە باشلاش بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ قىلغان ھەربىر سۆزى ۋە ئىشى ئىنسانلار ئۈچۈن ئەگىشىشكە تېگىشلىك ئۈلگە ۋە ئۈرنەكتۇر. شۇڭا پەيغەمبەرلەر جىسمانىي، ئەقلىي، قەلبىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن پاكتۇر.

پەيغەمبەرلەر جىسمانىي جەھەتتىن پاك. يەنى ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلاردا كىشىلەر تەرىپىدىن خور كۆرۈلىدىغان، ئاقساق-چولاق، توكۇر، قارىغۇ، كۆرۈمسىز دېگەنگە ئوخشاش نۇقسانلار بولمايدۇ. ئۇلار كىشىلەر نەپرەتلىنىدىغان، قاچىدىغان يامان كېسەللىكلەرگە دۇچار بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {اللَّهُمَّ أَحْسَنْتَ خَلْقِي فَأَحْسِنْ خُلُقِي} «ئى ئاللاھىم! مېنىڭ يارىتىلىشىمنى گۈزەل قىلغاندەك (يەنى جىسمانىي جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل ياراتقاندەك)، ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلغىن دېگەن».[1]

پەيغەمبەرلەر ئەقلىي جەھەتتىن پاك. يەنى ئۇلار ئەقىل-پاراسەتتە ناھايىتى ئۈتكۈر، سۆزلىرى ئىنتايىن قايىل قىلارلىق بولۇپ، كاپىرلار بىلەن بولغان مۇنازىرىلەردە قەتئىي مەغلۇپ بولمايدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى قۇرئان كەرىمدە كۆپتۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەمرۇت بىلەن مۇنازىرىلەشكەن قىسسىسى بۇ مىساللاردىن بىرى: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِي حَاجَّ إِبْرَاهِيمَ فِي رَبِّهِ أَنْ آتَاهُ اللَّهُ الْمُلْكَ إِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ

1 ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ۋە ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

رَبِّيَ الَّذِي يُحْيِي وَيُمِيتُ قَالَ أَنَا أُحْيِي وَأُمِيتُ قَالَ إِبْرَاهِيمُ فَإِنَّ اللَّهَ يَأْتِي بِالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ فَبُهِتَ الَّذِي كَفَرَ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ (پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى. ئىبراھىم: «ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. (بۇ پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ)[2]

پەيغەمبەرلەر قەلبىي جەھەتتىن پاكتۇر. يەنى ئۇلار ئاداۋەت، ھەسەت، تەكەببۇرلۇق، رىيا، بېخىللىق، ئالدامچىلىقتا ئوخشاش قەلبى ئىللەتلەردىن پاكتۇر.

پەيغەمبەرلەر ئەخلاقىي جەھەتتىن پاكتۇر. يەنى ئۇلار بۇتقا چوقۇنۇش، يالغان سۆزلەش، ھاراق ئىچىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، زۇلۇم قىلىش، زىناغا يېقىنلىشىشتەك يامان ۋە بىشەم ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ (سەن ھەقىقەتەن كاتتا ئەخلاق ئۈستىدىسەن)[3]

يىغىپ ئېيتقاندا پەيغەمبەرلەرنىڭ پاك بولۇشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپتىن ئەيىب ۋە گۇناھلاردىن ساقلىشىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى گۇناھلىق قىلمىشلاردىن ساقلىشى، ئۇلارنى گۇناھ ئىشلىيەلمەيدىغان قىلىپ ياراتقانلىقىدىن ياكى ياخشىلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭمۇ ئىنسانىي ماھىيىتى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشايدۇ؛ يەيدۇ، ئىچىدۇ، ئۇخلايدۇ، سىناق ۋە ئىمتىھانلارغا دۇچار بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ گۇناھلىق قىلمىشلاردىن پاكلىقى نەپسى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ۋە شەيتانغا ئەل بولماسلىقتەك ئىرادە ۋە سەۋر-تاقەتلىك بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى جانابىي ئاللاھ ئۇلارنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە نەپسى-شەيتانغا يېڭىلمەيدىغان قەتئىي ئىرادە ۋە قاتتىق سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلغان.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىنىڭ دەلىلى:

پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىغا ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈرىمىز:

### پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىغا نەقلىي دەلىللەر:

1- دەلىل: ئىنساننى گۇناھقا باشلايدىغان ئىككى نەرسە بار: بىرى شەيتان يەنە بىرى يامانلىققا بۇيرۇيدىغان نەپس. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە شەيتانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئازدۇرالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ

2 بەقەرە سۈرىسى: 258- ئايەت.
3 نۇن سۈرىسى 3- ئايەت.

مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ رَبِّ بِمَا أَغْوَيْتَنِي لَأُزَيِّنَنَّ لَهُمْ فِي الْأَرْضِ وَلَأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ ۝ إِلَّا عِبَادَكَ مِنْهُمُ الْمُخْلَصِينَ ۝ قَالَ هَذَا صِرَاطٌ عَلَيَّ مُسْتَقِيمٌ ۝ إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ إِلَّا مَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْغَاوِينَ﴾ (ئىبلىس ئېيتتى: <پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم باللىرىغا (گۇناھلارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)>. ئاللاھ ئېيتتى: <بۇ مەن ساقلاشقا تېگىشلىك توغرا يولدۇر. مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى مېنىڭ تاللانغان بەندىلىرىمنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ>..)[4]

بۇ ئايەتتە شەيتاننىڭ بوۋىسى بولغان ئىبلىسنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئازدۇرىدىغانلىقىنى پەقەت بەزى تاللانغان بەندىلەرنى ئازدۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مەخسۇس قوغدىنىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى مەخسۇس بەندىلىرى بار، ئاللاھ ئۇلارنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن قوغدايدۇ؛ شەيتان ئۇلارنى گۇناھقا باشلىيالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار پاك بولۇپ، گۇناھ ئىشلارنى قىلمايدۇ. بۇ تاللانغان بەندىلەر كىم؟ بۇنىڭغا ئاللاھ تائالا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: (كَذَٰلِكَ لِنَصْرِفَ عَنْهُ السُّوءَ وَالْفَحْشَاءَ إِنَّهُ مِنْ عِبَادِنَا الْمُخْلَصِينَ) «بىز يۈسۈفنى گۇناھتىن ۋە سەت ئىشتىن ئەنە شۇنداق ساقلىدۇق، شۈبھىسىزكى، يۈسۈف بىزنىڭ تاللانغان بەندىلىرىمىزدىن ئىدى.»[5] بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ شەيتان ئازدۇرالمايدىغان بەندىلەردىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. پاكلىق پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر پەيغەمبەر ئۈچۈن ئېيتىلغان بۇ سۈپەت پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ.

2- دەلىل: ئىنسانلارغا ئۈلگە بولۇشقا ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشىگە پەقەت پاك بولغان زاتلار لايىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ (سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.)[6]

بۇ ئايەتتىكى «ياخشى ئۈلگە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى، قىلغان ئىشلىرى ئۈممىتىگە ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە قىلغان ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ئەگىشىش لازىم، دېگەن بولىدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر پاك بولمىسا، گۇناھ-مەسىيەت قىلىدىغان ئادەم قانداق باشقىلارغا ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ؟! قانداق ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى ھۆججەت بولىدۇ؟!

3- دەلىل: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللَّهِ﴾ (بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت

4 ھىجر سۈرىسى: 39-42- ئايەتلەر.

5 يۈسۈف سۈرىسى: 24- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

6 ئەھزاب سۈرىسى: 21- ئايەت.

ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق)[7]
يەنە مۇنداق دېدى: ﴿مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ﴾ (كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.)[8] بۇ يەردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ شەرتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەگەر پەيغەمبەر پاك بولمىسا، گۇناھ ئىشلەيدىغان، خاتالىشىدىغان بولسا، قانداق ئۇنىڭغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش پەرز بولىدۇ؟ ئەگەر گۇناھ ئىشلەيدىغان ئادەمگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىڭ دېسە، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان گۇناھلارغىمۇ ئەگىشىشنىڭ دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ چاغدا پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلىك قانداق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ؟

4- دەلىل: ئاللاھ تائالا رەھبەرلىك ۋە ئۆلگىلىك مەنسىپىنى گۇناھكارلارغا بەرمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿وَإِذِ ابْتَلَى إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَاتٍ فَأَتَمَّهُنَّ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا قَالَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي قَالَ لَا يَنَالُ عَهْدِي الظَّالِمِينَ﴾ (ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە رەھبەر قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ رەھبەر قىلساڭ» دېدى. ئاللاھ: «مېنىڭ (رەھبەر قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.)[9]

بۇ ئايەتتىكى رەھبەرلىك پەيغەمبەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا زالىملارنىڭ ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىپادىلەندى. «زالىم» سۆزى قۇرئان كەرىمدە ھەرخىل گۇناھكارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق گۇناھ ئىشلىگۈچى يا ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا زۇلۇم قىلغۇچىدۇر. بۇ ئايەتمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەرخىل گۇناھلاردىن پاك ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىپلەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ پاك ئىكەنلىكىگە كۆپ دەلىللەر بار. بىز بۇنىڭ بىلەن كۇپايە قىلىمىز. خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، پەيغەمبەرلەرنىڭ پاك ئىكەنلىكى ھەم ئەقلىي دەلىل بىلەن ھەم قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بىز ئەھلى سۈننەت ۋە لجەمائەت بولغان مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلىمىز.

پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ پاك بولامدۇ؟ ياكى پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن پاك بولامدۇ؟

بەزى ئىلمى كالام ئالىملىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى بەزى گۇناھلارنى ئىشلىشى ئەقلىي جەھەتتىن جائىزدۇر، دەيدۇ. يەنى پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ھالال-ھارام دەيدىغان ھۆكۈم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن سادىر بولغان ئىشلار گۇناھ ھېسابلانمايدۇ.

7 نىسا سۈرىسى: 64- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
8 نىسا سۈرىسى: 80- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
9 بەقەرە سۈرىسى: 124- ئايەت.

كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە: ھەر ئىشنىڭ ئەسلى مۇباھتۇر، پەقەت شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلا گۇناھ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەنمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشتىن بۇرۇن چەكلىمە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئاۋۋال گۇناھ ئىشلىشى ئەقىلغا ئۇيغۇندۇر.

لېكىن «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» دېگەن قائىدە بويىچە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ھەر تۈرلۈك گۇناھلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ پەيغەمبەردەك ياشىغان، قەۋمى ئىچىدە ئېسىل ئەخلاقى، سالىھ ۋە ئۇلۇغ كىشىلىكى بىلەن تونۇلغاندۇر. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەككە خەلقى پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى «راستچىل ۋە ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دەپ ئاتايتتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەۋەتنى ئوچۇق ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساپا تېغىغا چىقىپ تۇرۇپ، مەككە خەلقىنى چاقىرغان ۋە توپلاشقان خەلققە: «ئەگەر مەن سىلەرگە <بۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا بىر دۈشمەن قوشۇن سىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ> دېسەم، مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشىنەمسىلەر؟» دېگەن. پۈتۈن خەلق «ئەلبەتتە ئىشىنىمىز، سەن قەتئىي يالغان گەپ قىلمايسەن» دېگەن. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغان، مەككىدە ھەممە ئادەم كۈنۈپ كەتكەن يامان ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلغان ئەمەس. ھاياتىدا بۇتقا سەجدە قىلمىغان، ھالبۇكى ئۆز ئائىلىسىدىن باشلاپ پۈتكۈل خەلق بۇتپەرەس ئىدى. توي تۆكۈنلەردە ھاراق-شاراب ئىچىشىپ كەيپى ساپا قىلىدىغان ئىشلارغا قېتىلمىغان. يالغان سۆزلىمىگەن، ھېچكىمنى ئالدىمىغان، خىيانەت قىلمىغان. پۈتكۈل خەلق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى، بەرگەن مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلاتتى.

يەنە بىر مىسال: سالىھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە پەيغەمبەر بولۇپ، قەۋمىنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرغاندا، قەۋمى ئۇنىڭغا ﴿قَالُوا يَا صَالِحُ قَدْ كُنْتَ فِينَا مَرْجُوًّا قَبْلَ هَذَا أَتَنْهَانَا أَنْ نَعْبُدَ مَا يَعْبُدُ آبَاؤُنَا﴾ (ئى سالىھ! بۇنىڭدىن بۇرۇن سەن ئارىمىزدا ئۈمىد قىلىنغان كىشى ئىدىڭ (يەنى بۇ دەۋەتىڭدىن بۇرۇن ئارىمىزدا چوڭ ئادەم بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق)، بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەن بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن توسامسەن؟..)[10] دېگەن. بۇ ئايەتتى كەرىمە سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى قەۋمى ئىچىدە قانداق ياخشى كۆرۈلىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرى ھەرخىل يامان ئىشلارغا كۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، گۈزەل ئەخلاقلىق، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى

10 ھۇد سۈرىسى: 62- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تارتىدىغان كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر مانا مۇشۇنداق پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ھەر تۈرلۈك گۇناھلاردىن پاك ۋە مەسۇم ئىدى.

## ئەقلىي دەلىللەر:

1- پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشتىن مەقسەت، ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلاش، گۇناھ ئىشلاردىن توسۇپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا چاقىرىش ۋە بۇ ئىشلاردا پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلارغا ئۈلگە قىلىشتۇر. يەنى پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇلارنى «سىراتى مۇستەقىم» بولغان توغرا يولغا باشلايدۇ. كىشىلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ توغرا يولغا كىرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى قانداق بەجا كەلتۈرۈشنى ئۇلاردىن ئۆگىنىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن تەلىماتلارغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنسانلارنى چاقىرغان ھىدايەت يولىدا ئۆزلىرى ماڭمىسا، ئىنسانلار ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. «ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى توغرا بولسا ئىدى، ئۆزلىرى ئەمەل قىلغان بولاتتى» دەپ، ئۇلار چاقىرغان يولغا ئەگەشمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئەلچى قىلىپ




ئەۋەتىشنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ۋە بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتى پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەرقانداق گۇناھتىن پاك (مەسۇم) بولۇشىنى تەقەززا قىلغان.

2- پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تەبلىغ قىلىشتىن باشقا كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىپ تەربىيىلەش (يەنى مۇسلىھلىق) ۋەزىپىسى بار. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئۇنى ئىجرا قىلىش، ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى تۈزىتىش ۋە ئۇلارغا يولباشچى بولۇش ۋەزىپىسى بار. بۇ ۋەزىپىگە ئىنسانىي كامالەتتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە چىققان، سۆزلىرىدە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە خاتالىقتىن پاك كىشىلەر لايىقتۇر.

3- ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلىپ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ﴾ (ئى ئىمان ئېيتقان زاتلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار)[11] دېدى. پەيغەمبەرلەر پاك بولمىسا، ئۇ چاغدا خاتالىشىدىغان، گۇناھ ئىشلەيدىغان كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىپ ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى قىلىڭلار دېگەن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرلەر قەۋملىرىگە: ﴿وَمَا أُرِيدُ أَنْ أُخَالِفَكُمْ إِلَى مَا أَنْهَاكُمْ عَنْهُ﴾ (سىلەرنى توسقان ئىشتا سىلەرگە خىلاپلىق قىلمايمەن...)[12] دەپ جاكارلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ھەر

11 نىسا سۈرىسى: 59- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
12 ھۇد سۈرىسى: 88- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۇرلۇك گۇناھ-مەسىيەتلەردىن پاك ۋە مەسۇمدۇر.

## پەيغەمبەرلەر چوڭ گۇناھلاردىنلا پاكمۇ ياكى كىچىك گۇناھلاردىنمۇ پاكمۇ؟

بىز باشتا دېگەندەك، پەيغەمبەرلەر مەيلى پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى مەيلى كېيىن، ئىنسانلار تەرپىدىن ئەيىبلىنىدىغان، ئۇ ئىشنى قىلغان كىشىنى ئىنسانلار يامان كۆرىدىغان بارلىق چوڭ-كىچىك گۇناھلاردىن پاك ۋە مەسۇمدۇر. ئەمما باشقىلار قىلسا گۇناھ بولمايدىغان، بەزى ئۇششاق ئىشلارنى ئۇنتۇغانلىق ياكى توغرا دەپ ئويلاپ قىلىپ تاشلىشى مۇمكىن. ئەگەر پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن بۇنداق بىر ئىش سادىر بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دەرھال ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئۇلار ئۇ ئىشلارنى تۈزۈتىۋالىدۇ. بۇنى تۆۋەندە رەددىيەگە ئۆتكەندە تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى ئەقىدىمىز ۋە كۆز قارىشىمىز.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە:

پەيغەمبەرلەرنىڭ پاكلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن ھەددىسنى ئىنكار قىلىدۇ، ئاندىن قۇرئاندا پەيغەمبەر ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنى پارچىلاپ ئېلىپ، ئۆز خاھىشى بويىچە تەپسىر قىلىپ، گۈيا قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ پاك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىدىن بىر نەچچىسىگە رەددىيە بېرىمىز:

1- ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاللاھ يېيىشنى مەنئى قىلغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ، ئاسى بولغان. ئۇنى قانداق پاك دېگىلى بولىدۇ؟ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَوَسْوَسَ إِلَيْهِ الشَّيْطَانُ قَالَ يَا آدَمُ هَلْ أَدُلُّكَ عَلَى شَجَرَةِ الْخُلْدِ وَمُلْكٍ لَا يَبْلَى ۝ فَأَكَلَا مِنْهَا فَبَدَتْ لَهُمَا سَوْآتُهُمَا وَطَفِقَا يَخْصِفَانِ عَلَيْهِمَا مِنْ وَرَقِ الْجَنَّةِ وَعَصَى آدَمُ رَبَّهُ فَغَوَى ۝ ثُمَّ اجْتَبَاهُ رَبُّهُ فَتَابَ عَلَيْهِ وَهَدَى﴾ (شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «ئى ئادەم! ساڭا (مەن يېگەن ئادەم) ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. ئۇلار ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەت (دەرەخلىرىنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن سەترى ئەۋرەت قىلىشقا كىرىشتى، ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى.)[13]

**جاۋاب:** ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇنجى ئىنسان بولۇپ، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشى ۋە جەننەتتە مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ سېلىپ جەننەتتىن چىقىرىلىش قىسسىسىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ئىنساننىڭ يارىتىلىش ھېكمىتىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئالەمدىكى

13 تاھا سۈرىسى: 120-121-122- ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

بارلىق مەۋجۇداتلار ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارسىز ھالدا ئىتائەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاپ تەسبىھ ۋە ھەمدە ئېيتىپ تۇرىدۇ. ﴿تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَوَاتُ السَّبْعُ وَالْأَرْضُ وَمَنْ فِيهِنَّ وَإِنْ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ﴾ (يەتتە ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ)..)[14] ئاللاھ تائالا ئۆز ئىختىيارى ۋە ئۆز ئىستىكى بىلەن ئاللاھنى تونۇپ ئىتائەت قىلىدىغان بىر مەخلۇق يارىتىشنى ئىراده قىلدى. بۇ يېڭى مەخلۇقنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زېمىننى تاللاپ، بۇ زېمىندا ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىپ تەييار قىلدى. ئاندىن پەرىشتىلەرگە: ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً﴾ (مەن يەر-يۈزىدە بىر خەلىپە (يەنى ئىنسان) يارىتىمەن)[15] دەپ ئېلان قىلدى. ئاندىن بۇ ئىنساننى سىنايدىغانلىقىنى بىلدۈردى: ﴿الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ (سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى..»[16] ئاندىن سىناقنىڭ نەتىجىسىدە ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ مۇكاپات-جازاسى بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى: ﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ ۝ وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ﴾ (كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.)[17]

14 ئىسرا سۈرىسى: 44- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
15 بەقەرە سۈرىسى: 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
16 مۈلك سۈرىسى: 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مانا مۇشۇنداق مەقسەت ۋە غايە بىلەن يارىتىلغان تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى. پەرىشتىلەر سەجدە قىلدى، ئىبلىس بويۇنتاۋلىق قىلىپ ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتىپ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەڭگۈ قوغلاندى. شەيتان ئۆزىنىڭ جازالانغانلىقىنى ئادەمدىن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ۋە ئەۋلادىغا دۈشمەن بولدى. مانا مۇشۇنىڭدىن باشلاپ ئىنسان بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك دۈشمەنلىك باشلىدى.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يەريۈزىدە تۇرغۇزۇشتىن ئاۋۋال ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى بارلىق نازۇنېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشنى، پەقەت بىرلا دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى بۇيرۇدى. بۇ تۇنجى ئىنساننىڭ تۇنجى سىنىقى ئىدى. ئادەمنىڭ دۈشمىنى بولغان شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرۇپ مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېگۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيىسسالامنى يارىتىلىشىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان يەر-زېمىنغا چۈشۈردى. بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە ئۈچ يەردە بايان قىلىنىدى: بەقەرە سۈرىسىدە: ﴿فَأَزَلَّهُمَا الشَّيْطَانُ عَنْهَا فَأَخْرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِ﴾ (شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى

17 زەلزەلە سۈرىسى: 7-8- ئايەتلەر.

تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى).[18] ئەئراف سۈرىسىدە ﴿فَوَسْوَسَ لَهُمَا الشَّيْطَانُ لِيُبْدِيَ لَهُمَا مَا وُورِيَ عَنْهُمَا مِنْ سَوْآتِهِمَا وَقَالَ مَا نَهَاكُمَا رَبُّكُمَا عَنْ هَذِهِ الشَّجَرَةِ إِلَّا أَنْ تَكُونَا مَلَكَيْنِ أَوْ تَكُونَا مِنَ الْخَالِدِينَ ۝ وَقَاسَمَهُمَا إِنِّي لَكُمَا لَمِنَ النَّاصِحِينَ ۝ فَدَلَّاهُمَا بِغُرُورٍ﴾ (شەيتان ئېيتتى: ‹‹پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر››. شۇنىڭدەك ئۇلارغا: ‹‹مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن›› دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى. ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى (يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە) چۈشۈردى.)[19] تاھا سۈرىسىدىكى بايان يۇقىرىدا ئۆتتى.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن شۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلمىدى. شەيتاننىڭ ئۇزۇن زامانلار ئۇنى ھەرخىل نەيرەڭلەر بىلەن ئالداپ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان تەبىئىتىدە ياراتقان مەڭگۈ ياشاش ئارزۇسىنى قوللىنىپ: ‹‹پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر››. يەنە بىر قېتىمدا «ئى ئادەم! ساڭا (يېگەن ئادەم مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. شەيتان ئادەم بىلەن ئايالىغا سادىق دوست ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قەسەم ئىچىپ بەردى. بۇ يەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا شەيتاننىڭ ‹‹مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن›› دەپ قەسەم ئىچىپ بەرگەنلىكى تەسىر قىلىپ، شەيتان كۆرسىتىۋاتقان بۇ دەرەخنىڭ ئاللاھ مېۋىسىنى يېيىشنى توسقان دەرەخ ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تاھا سۈرىسىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنتۇغانلىقىنى ئۇنىڭ بىلىپ تۇرۇپ يېمىگەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

**ئىككىنچى جاۋاب:** ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەمەس ئىدى، ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ سېلىپ پۇشايمان قىلغاندىن




18 بەقەرە سۈرىسى: 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
19 ئەئراف سۈرىسى: 20-21- ئايەتلەر.

كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىپ خاتالىقىنى يۇيۇشنى ئۆگەتتى، ھەتتا تەۋبە قىلىدىغان سۆزلەرنى تەلىم بەردى: ﴿فَتَلَقَّى آدَمُ مِنْ رَبِّهِ كَلِمَاتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾ (ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىرقانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى تەۋبە قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.)[20] ئادەم ئەلەيھىسسالام دەرھال تەۋبە قىلدى، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئەسلى يارىتىلىش مەقسىتى بولغان يەر يۈزىگە چۈشۈردى. شۇڭا تاھا سۈرىسىدە ۋەقەنىڭ ئاخىرىنى: (ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى.) دېگەن ئايەت بىلەن تاماملىدى.

دېمەك، بۇ ۋەقەدە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكلىقىغا دەخلى يېتىدىغان بىر مەسىلە يۈز بەرگىنى يوق.

2- نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ «ئوغلۇم مېنىڭ ئەھلىمدىندۇر» دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇ سېنىڭ ئەھلىڭدىن ئەمەس» دېدى. دېمەك، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا يالغان ئېيتقان بولدى. يالغان ئېيتقان كىشى قانداق پاك بولىدۇ؟

جاۋاب: ئالدى بىلەن ئايەتنى تولۇق ئوقۇيايلى: ﴿وَنَادَى نُوحٌ رَبَّهُ فَقَالَ رَبِّ إِنَّ ابْنِي مِنْ أَهْلِي وَإِنَّ وَعْدَكَ الْحَقُّ وَأَنْتَ أَحْكَمُ الْحَاكِمِينَ ۝ قَالَ يَا نُوحُ إِنَّهُ لَيْسَ مِنْ أَهْلِكَ إِنَّهُ عَمَلٌ غَيْرُ صَالِحٍ فَلَا تَسْأَلْنِ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنِّي أَعِظُكَ أَنْ تَكُونَ مِنَ الْجَاهِلِينَ﴾ (نۇھ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى (سەن ماڭا ئۇلارنىڭ نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان ئىدىڭ)، سېنىڭ ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئى نۇھ! ئۇ(مەن نىجات تېپىشىنى ۋەدە قىلغان) ئائىلەڭدىكىلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلى ياماندۇر، سەن ئېنىق بىلمىگەن نەرسەڭنى مەندىن سورىمىغىن، مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن»).[21]

ۋەقە مۇنداق: ئاللاھ تائالا توپان بولغاندا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىنى قۇتقۇزىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىگە چىققاندا، ئوغۇللىرىدىن بىرى چىققىلى ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇ كاپىر ئىدى، بۇنى نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇدا غەرق بولدى. ئوغلىنىڭ كۆزى ئالدىدا غەرق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نۇھ ئەلەيھىسسالام دادىلىق مېھرى-شەپقىتى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئوغلىنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئائىلىسىنى قۇتقۇزىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ دۇئا قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام يالغان ئېيتمىدى.

20 بەقەرە سۈرىسى: 37- ئايەت.

21 ھۇد سۈرىسى: 45-46- ئايەتلەر.

چۈنكى ئوغلى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن بىرى ئىدى. لېكىن ئۇ كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا مەزكۇر ئوغلىنىڭ قۇتقۇزۇشنى ۋەدە قىلغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. دېمەك، ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئائىلەڭنى قۇتۇلدۇرىمەن، دېگەن ۋەدىسىدە ئائىلىسىدىن مۇسۇلمان بولغانلارنى مەقسەت قىلغان، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئوغلىنىڭ كاپىرلاردىن بولۇپ، ھالاك بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەپ دۇئا قىلغان. بۇ ۋەقەدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكلىقىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان بىر گۇناھ ئىش يۈز بەرگىنى يوق.

3- ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر ئۇنىڭ ئىمانىدا ئىككىلەنگەنلىكىنى، يۇلتۇزنى رەببىم دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ ئاينى رەببىم دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ۋاز كېچىپ قۇياشنى رەببىم دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئېتىقادتا بۇنداق تەرەددۇت قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىدە ئىتتىپاقتۇر. دېمەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان تۇرسا، ئۇ قانداق پاك بولىدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ لِأَبِيهِ آزَرَ أَتَتَّخِذُ أَصْنَامًا آلِهَةً إِنِّي أَرَاكَ وَقَوْمَكَ فِي ضَلَالٍ مُبِينٍ ۝ وَكَذَٰلِكَ نُرِي إِبْرَاهِيمَ مَلَكُوتَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلِيَكُونَ مِنَ الْمُوقِنِينَ ۝ فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ اللَّيْلُ رَأَىٰ كَوْكَبًا قَالَ هَٰذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَا أُحِبُّ الْآفِلِينَ ۝ فَلَمَّا رَأَى الْقَمَرَ بَازِغًا قَالَ هَٰذَا رَبِّي فَلَمَّا أَفَلَ قَالَ لَئِنْ لَمْ يَهْدِنِي رَبِّي لَأَكُونَنَّ مِنَ الْقَوْمِ الضَّالِّينَ ۝ فَلَمَّا رَأَى الشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَٰذَا رَبِّي هَٰذَا أَكْبَرُ فَلَمَّا أَفَلَتْ قَالَ يَا قَوْمِ إِنِّي بَرِيءٌ مِمَّا تُشْرِكُونَ ۝ إِنِّي وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾ (ئۆز ۋاقتىدا، ئىبراھىم ئۆز ئاتىسى ئازەرگە: «بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالامسەن؟ مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن ئېنىق گۇمراھلىقتا كۆرۈمەن» دېدى ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن» دېدى. ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، بۇ ھەممىدىن چوڭدۇر» دېدى. قۇياش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا - جۇدامەن. مەن ھەقىقەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»)[22].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن كامال سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ۋە بارلىق ئەيىب ۋە نۇقسانلاردىن پاك ۋە مۇنەززەھ ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنەتتى. بۇ ئىمانىدا قىلچە شۈبھە ۋە ئىككىلىنىش يوق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارغا، يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋمنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىراتتى. ئۇلارغا يۇلتۇز، ئاي، قۇياش ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىلاھ بولالمايدىغانلىقىنى ئەقلىي دەلىل بىلەن كۆرسىتىپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللاندى. ئۇلارنىڭ ئەقلى بويىچە ئۇلارغا ئوخشاش ئىشەنگەندەك كۆرۈنۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى بىر-بىرلەپ پاچاقلاپ تاشلىدى ۋە ئىلاھنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئىلاھنىڭ يوق بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى دېمەك، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىلاھ بولالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنى مۇشرىكلارنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇن بىر ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ بۇزۇقلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھېكمەتلىك بىر ئۇسۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكى ياكى ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىدا شەك قىلغانلىقى يوق. ئەكسىچە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسەت ۋە ھېكمەت بىلەن مەخلۇقاتلارنىڭ ئىلاھ بولالمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقاردى.

4- ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەقىقىدە ئىككىنچى ۋەقە:

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارنى چاقىدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى، ئەمەلىيەتتە بۇتلارنى چېقىپ تاشلاپ، پەقەت ئەڭ چوڭ بۇتنى چاقماي پالتىنى ئۇنىڭ دولىسىغا ئېسىپ قويدى. كېيىن ئىنسانلار كېلىپ خۇدايىمىزنى كىم مۇنداق چېقىپ تاشلىدى؟ دېيىشىپ، ئىبراھىم چاقمەن دېگەن ئىدى، دەپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ كېلىپ: «بۇ خۇدالىرىمىزنى سەن چاقتىڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئاۋۇ چوڭ بۇت چاقتى، ئىشەنمىسەڭلار ئاشۇنىڭدىن سوراڭلار» دەپ يالغان ئېيتتى. يالغانچىلىق چوڭ گۇناھ بولۇپ، ئۇنى سادىر قىلغان پەيغەمبەر قانداق پاك بولىدۇ؟

جاۋاب: ۋەقەلىكنىڭ بايانى: ﴿وَتَاللَّهِ لَأَكِيدَنَّ أَصْنَامَكُمْ بَعْدَ أَنْ تُوَلُّوا مُدْبِرِينَ ۝ فَجَعَلَهُمْ جُذَاذًا إِلَّا كَبِيرًا لَهُمْ لَعَلَّهُمْ إِلَيْهِ يَرْجِعُونَ ۝ قَالُوا مَنْ فَعَلَ هَذَا بِآلِهَتِنَا إِنَّهُ لَمِنَ الظَّالِمِينَ ۝ قَالُوا سَمِعْنَا فَتًى يَذْكُرُهُمْ يُقَالُ لَهُ إِبْرَاهِيمُ ۝ قَالُوا فَأْتُوا بِهِ عَلَى أَعْيُنِ النَّاسِ لَعَلَّهُمْ

22 ئەنئام سۈرىسى: 76-79- ئايەتلەر.

يَشْهَدُونَ ۝ قَالُوا أَأَنْتَ فَعَلْتَ هَذَا بِآلِهَتِنَا يَا إِبْرَاهِيمُ ۝ قَالَ بَلْ فَعَلَهُ كَبِيرُهُمْ هَذَا فَاسْأَلُوهُمْ إِنْ كَانُوا يَنْطِقُونَ ۝ فَرَجَعُوا إِلَى أَنْفُسِهِمْ فَقَالُوا إِنَّكُمْ أَنْتُمُ الظَّالِمُونَ ۝ ثُمَّ نُكِسُوا عَلَى رُءُوسِهِمْ لَقَدْ عَلِمْتَ مَا هَؤُلَاءِ يَنْطِقُونَ ۝ قَالَ أَفَتَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَنْفَعُكُمْ شَيْئًا وَلَا يَضُرُّكُمْ ۝ أُفٍّ لَكُمْ وَلِمَا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ (ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم بۇتلىرىڭلارنى (چېقىۋېتىشنىڭ) ئامالىنى قىلىمەن» دېدى. ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە-پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ (بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى سورىشى ئۈچۈن) پەقەت چوڭ بۇتنى (چاقماي) قالدۇردى. ئۇلار: «بۇتلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟ ئۇ ھەقىقەتەن زالىم ئىكەن» دېدى. (ئۇلارنىڭ بەزىسى) ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق» دېدى. ئۇلار: «ئىبراھىمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، (ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئەيىبلىگەنلىكىگە) ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسۇن» دېدى). ئۇلار: «ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دېدى. (ئىبراھىم: «(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى. ئۇلار بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ: «(سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتا) ھەقىقەتەن زالىمسىلەر» دېدى. ئاندىن ئۇلار (خىجالەتچىلىكتىن) باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ: «ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟» دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر». سىلەرگە ۋە ئاللاھنى قويۇپ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟»)[23] .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يالغان ئېيتمىدى، بەلكى بۇتپەرەس كاپىرلارنىڭ قانچىلىك ئەخمەقلىقىنى، بۇ بۇتلارنىڭ نە پايدا نە زىيان ھېچقانداق بىر ئىش قىلالمايدىغان قۇرۇق ھەيكەللەر ئىكەنلىكىنى، بۇنداق نەرسىلەرنى خۇدا دەپ چوقۇنۇشنىڭ قانچىلىك ھاماقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە كاپىرلارنى بۇ مەسىلىدە ئەقلىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن، مۇشۇ ھېكمەتلىك ئۇسۇلنى قوللاندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۇسۇلى باشتا ئىشقا ياردى، كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىق ھاماقەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ۋەقەنىڭ داۋامىدا مۇنداق دېدى: ﴿ فَرَجَعُوا إِلَى أَنْفُسِهِمْ فَقَالُوا إِنَّكُمْ أَنْتُمُ الظَّالِمُونَ﴾ (ئۇلار بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ: «(سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتا) ھەقىقەتەن زالىمسىلەر» دېدى.)[24]

لېكىن ئۇ كاپىرلار ئەقلىنى ئىشلىتىپ ھەقىقەتنى تونۇپ ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا تەتۈرسىگە يېنىپ، بۇ بۇتلار سۆزلىيەلمەيدۇ، بۇنى سەن بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئۇنىڭدىن سوراڭلار، دەيسەن؟ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسىدىمۇ،

23 ئەنبىيا سۈرىسى: 58-63- ئايەتلەر.
24 ئەنبىيا سۈرىسى: 64- ئايەت.

ئۇلارغا بۇتلارنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغان ئاجىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئىدى. ئۇلار بۇتلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ﴿قَالَ أَفَتَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَنْفَعُكُمْ شَيْئًا وَلَا يَضُرُّكُمْ ۝ أُفٍّ لَكُمْ وَلِمَا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ (ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر». سىلەرگە ۋە ئاللاھنى قويۇپ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟»)[25]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كاپىرلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى خۇدا قىلىۋالغان بۇتلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا، ئەقلىنى ئىشلىتىشكە ۋە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان قۇرۇق ھەيكەللەرنىڭ خۇدا بولالمايدىغانلىقىنى ئۆزلىرىگە ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان مۇشۇنداق بىر يولنى تېپىپ چىققان.

ئىنكارچىلارنىڭ دېگىنىدەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى يالغان ئېيتتى دېسەكمۇ، بۇ ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن ئېيتىلغان يالغان، يالغان ھېسابلانمايدۇ ۋە گۇناھمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى: «ئۈچ ئورۇندا يالغان ئېيتىش ھالالدۇر: ئەر كىشىنىڭ ئايالىنى رازى قىلىش ئۈچۈن يالغان ئېيتىشى، ئۇرۇشتا دۈشمەنگە يالغان ئېيتىش ۋە ئىككى قېرىنداشنىڭ ئوتتۇرىنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن يالغان ئېيتىش»[26]

دېمەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پاكتۇر، پاكلىقىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان بىر گۇناھ ئىشلىمىدى.

5-يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىشىنى سورىشى، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا شەك قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق شەك قىلغان كىشى قانداق پاك بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە كۈچى يېتىدىغانلىقىدا شەك قىلمىدى. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە چىن ئىشىنەتتى. ئۇ پەقەت قەلبىدە چىن ئىشەنگەن بۇ ئىشنى كۆزى بىلەن كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: «ئىشەنمەيۋاتامسەن؟» دەپ سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئەلبەتتە ئىشىنىمەن، قەلبىمنىڭ ئارام تېپىشى ئۈچۈن كۆرۈشنى خالايمەن» دېدى. بۇنى ئىلمەلىيەقىننى (ئەقلى بىلەن بىلگەننى) ئەينەلىيەقىنغا (كۆز بىلەن كۆرۈشكە) چىقىرىش دەيمىز. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەمدى ئايەتنى ئوقۇيلى: ﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ أَرِنِي كَيْفَ تُحْيِي الْمَوْتَى قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِنْ قَالَ بَلَى وَلَكِنْ لِيَطْمَئِنَّ قَلْبِي قَالَ

25 ئەنبىيا سۈرىسى: 65-66- ئايەتلەر.

26 بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ ھەدىس دېگەن.

فَخُذْ أَرْبَعَةً مِنَ الطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ ثُمَّ اجْعَلْ عَلَى كُلِّ جَبَلٍ مِنْهُنَّ جُزْءًا ثُمَّ ادْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ سَعْيًا وَاعْلَمْ أَنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ (ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم، ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. ئاللاھ: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە توپلىغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەربىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ». بىلگىنكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر)[27].

6- يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن ئايەت: ﴿ وَلَقَدْ هَمَّتْ بِهِ وَهَمَّ بِهَا لَوْلَا أَنْ رَأَى بُرْهَانَ رَبِّهِ كَذَلِكَ لِنَصْرِفَ عَنْهُ السُّوءَ وَالْفَحْشَاءَ إِنَّهُ مِنْ عِبَادِنَا الْمُخْلَصِينَ﴾ (ئۇ (يەنى زۇلەيخا) يۇسۇفكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) بەل باغلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى. بىز يۇسۇفنى گۇناھتىن ۋە سەت ئىشتىن ئەنە شۇنداق ساقلىدۇق، شۈبھىسىزكى، يۇسۇف بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىن ئىدى)[28].

بۇ ئايەت مىسىر ئەزىزىنىڭ خوتۇنى زۇلەيخانىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن زىنا قىلماقچى بولغانلىقىنى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۇ ئىشنى قىلىشقا مايىل بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. دېمەك، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام پاك ئەمەس.

جاۋاب: بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەم جىسمانىي جەھەتتىن، ھەم ئەخلاقىي جەھەتتىن پاكلىقىنى ئېنىق بىر شەكىلدە بايان قىلىدۇ. ئايەتنىڭ بېشىدا زۇلەيخانىڭ ئۆيىنىڭ ئىچكىرىدە بىر ھوجرىنى تەييارلاپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى چاقىرغانلىقىنى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھوجرىغا كىرىشى بىلەن زۇلەيخا ئىشىكنى تاقاپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا: «بېرى كەل» يەنە بىر قىرائەتكە كۆرە «مەن ساڭا كەلدىم (يەنى ئۆزەمنى ساڭا بەردىم)» دېدى، دەيدۇ. ئايەتتە ئۇ ئىشىكى تاقالغان ھوجرىدا زۇلەيخانىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلغانلىقى تەپسىلىي تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەقلى بار بىر ئادەمنىڭ ئۇ مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس ئەمەس. ئۇ چاغدا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەڭ چوڭ دېگەن يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بىر يىگىت ئىدى. مۇشۇ ياشتىكى بىر يىگىتنى بىر ئايال ئۆيىگە سولاپ، ئىشىكلەرنى تاقاپ، ئەر كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان پۈتۈن ئاياللىق قىلىقلىرىنى قىلىپ ئېسىلسا، يىگىرمە بەش ياشلاردىكى يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق مايىللىقى بولمىسا، ئۇ ئەر جىسمانىي جەھەتتىن ئەيىبلىك، ئىقتىدارسىز كىشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ

27 بەقەرە سۈرىسى: 260- ئايەت.
28 يۇسۇف سۈرىسى: 24- ئايەت.

تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مۇشۇنداق ئەيىبلەردىن پاكلىقنى ۋە ئەينى زاماندا ئاللاھ تائالا مۆجىزە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنى گۇناھتىن ساقلاپ قالغانلىقنى بىلدۈردى. يەنى يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز مۆجىزە كۆرسىتىش ئارقىلىق يۇسۇفنى ساقلاپ قالمىغان بولساق، زۇلەيخانىڭ قاتتىق تەلۋۈ ۋە قوللانغا نەيرەڭلىرى ئالدىدا يۇسۇفمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قالاتتى. چۈنكى ئۇ جىنسىي ئىقتىدارى كۈچلۈك ۋە ياشلىق باھارىدىكى بىر يىگىت ئىدى. بىزنىڭ ساقلاپ قېلىشىمىز بىلەن يۇسۇف ئۇ ئايالغا مايىل بولمىدى، دېگەن بولىدۇ.

دېمەك، بۇ ۋەقەدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئەيىبلىنىدىغان گۇناھقا مايىل بولغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنداندىن چىقىدىغان چىغىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مىسىر پادىشاھىدىن ھېلىقى قوللىرىنى كەسكەن ئاياللارنى سوراققا تارتىشنى تەلەپ قىلغان. پادىشاھ ئۇ ئاياللارنى سوراققا تارتقاندا، زۇلەيخا ئۆزى گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مانا مۇشۇمۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكلىقىنى، بۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ دېگىنىدەك گۇناھقا مايىل بولمىغانلىقىنى بۇلۇتسىز ئاسماندىكى قۇياشتەك ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

7- مۇسا ئەلەيھىسسالام شەھەردە كېتىپ بارغىنىدا، ئىككى ئادەم سوقۇشۇۋاتاتتى، بىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىدىن، يەنە بىرى مىسىرلىق قىبتى ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىدىن بولغان ئادەم مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز جەمەتىدىن بولغان ئادەمگە يان بېسىپ، مىسىرلىق قىبتىنى بىر مۇش قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قاتىل بولدى. قاتىللىق چوڭ گۇناھ بولۇپ، پاك دېگەن سۆزگە زىت كېلىدۇ.

جاۋاب: ۋەقەنى قۇرئان كەرىمدىن ئاڭلايلى: ﴿وَدَخَلَ الْمَدِينَةَ عَلَى حِينِ غَفْلَةٍ مِنْ أَهْلِهَا فَوَجَدَ فِيهَا رَجُلَيْنِ يَقْتَتِلَانِ هَذَا مِنْ شِيعَتِهِ وَهَذَا مِنْ عَدُوِّهِ فَاسْتَغَاثَهُ الَّذِي مِنْ شِيعَتِهِ عَلَى الَّذِي مِنْ عَدُوِّهِ فَوَكَزَهُ مُوسَى فَقَضَى عَلَيْهِ قَالَ هَذَا مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ عَدُوٌّ مُضِلٌّ مُبِينٌ * قَالَ رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْ لِي فَغَفَرَ لَهُ إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾ (مۇسا شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا (يەنى چۈشلۈك ئۇيقىدىكى چاغدا) شەھەرگە كىردى، ئۇ شەھەردە ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. (ئۇرۇشۇۋاتقانلاردىن) بىرى ئۆز قەۋمىدىن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەم دۈشمىنىگە قارشى ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى. مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر». مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن». ئاللاھ ئۇنىڭغا مەغپىرەت

قىلدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر)[29].

بىرىنچىدىن بۇ ۋەقە مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن يۈز بەرگەن. ئىككىنچىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرمىدى. ئۇ ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى ئادەمنى بىر-بىرىدىن ئايرىشقا تىرىشقان، مىسىرلىق تىركىشىپ ئايرىلغىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇش بىلەن بىرنى قويۇۋېدى، ئادەم ئۆلۈپ قالدى. ئادەتتە بىر مۇش ئۇرغاندا بىر ئادەم ئۆلمەيدۇ. دېمەك، ئۇ مىسىرلىقنىڭ ئۆلۈشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىختىيارىدىن سىرت كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ پاكلىقىغا دەخلى يېتىدىغان بىر گۇناھ ئەمەس.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشنى «ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىق» دەپ، ئاتىشىنىڭ ئۈچ مەنىسى بار:

بىرى ئەۋلا بولغاننى تەرك ئەتكەنلىكى. يەنى ئۇنى ئۇرماستىن ئايرىسام بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان قىلىش. ئۇنىڭ بىر مۇش بىلەن ئۆلىدىغانلىقىنى قەيەردىن بىلسۇن.

يەنە بىرى، ئۇ مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن ئۆزىنى زالىم پىرئەۋننىڭ جازاسىغا ئۇچراتقان بولدى. شۇڭا مىسىرلىققا زۇلۇم قىلدىم، دېمىدى، ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم، دېدى.

ئۈچىنچىسى، «**حسنات الأبرار سيئات المقربين** (ياخشىلارنىڭ بەزى ياخشى ئىشلىرى مۇقەررەبلەرنىڭ ھەققىدە يامانلىق ھېسابلىنىدۇ)» دېگەن قائىدىگە ئاساسەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ مەقسەتسىز يۈز بەرگەن ئىشنى زۇلۇم دەپ ئاتاپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، ئاللاھ تائالا دەرھال ئۇنى مەغپىرەت قىلىپ، پىرئەۋننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالدى. دېمەك، بۇ ۋەقەدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكلىقىغا دەخلى يېتىدىغان بىر گۇناھ يوق. بۇنى گۇناھ دەپ ئاتاش كېرەك، دېسەكمۇ، ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى سادىر بولغان كىچىك گۇناھ بولۇپ، پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنكى پاكلىقىغا دەخلى يەتمەيدۇ.

8- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿وَوَجَدَكَ ضَالًّا فَهَدَى﴾ (سېنى قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟) بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

رەددىيە: «قايمۇققان» دەپ تەرجىمە قىلىنغان «ضالا» سۆزى قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

1- شىرىك، ئازغۇنلۇق، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىش ۋە كۇفرى مەنىسىدە كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنِ اهْتَدَى فَإِنَّمَا يَهْتَدِي لِنَفْسِهِ وَمَنْ ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا﴾ (كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر)[30].

29 سۈرە قەسەس: 15-16- ئايەتلەر.

30 ئىسرا سۈرىسى: 15- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2- ئۇنتۇغان دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: ﴿أَن تَضِلَّ إِحْدَاهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَاهُمَا الأخرى﴾ (بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ)[31].

3- نەتىجە قازىنالمىدى، بىكار بولۇپ كەتتى، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: ﴿الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ (قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر.)[32]

4- يوق بولۇپ كەتتى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ﴿وَضَلَّ عَنْهُمْ مَا كَانُوا يَفْتَرُونَ﴾ (ئۇلارنىڭ (دۇنيادىكى چاغلىرىدا: «بۇتلار بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن) يالغان - ياۋىداقلىرى يوقىقا چىقىدۇ)[33]

5- نېمە قىلىشنى بىلمەي قايمۇققان، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن بۇ ئايەت مۇشۇ 5- مەنىدە كەلگەن. بۇ ئايەتتە دېمەكچى بولغان ئەھۋال مۇنداق: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پاك تەبىئەتلىك زات ئىدى. ئۇ بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇشرىك بىر جەمئىيەتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ بۇتلارنى ياخشى كۆرمەيتتى، بوۋىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بۇتقا چوقۇنسا، ئۇ چوقۇنمايتتى. چوڭ بولغانسىرى بۇتپەرەسلىكنىڭ توغرا يول ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتى. شامغا تىجارەتكە بېرىش-كېلىش سەپەرلىرىدە خرىستىئان ۋە يەھۇدىلارنىڭمۇ دىنىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بايقىدى. يېشى قىرققا يېقىنلاشقانسىرى ئىنسانلاردىن يىراقلىشىپ نۇر تېغىدىكى بىر غاردا تەپەككۇر قىلىدىغان بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە ۋە ئەتراپىدىكى ئىنسانلارنىڭ دىنلىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كەسكىن بىلىپ يەتكەن بولسىمۇ، توغرا يولنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنى بۇ باتىل دىنلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قايسى يولنى تاللايدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن ھالەتتە غاردا بىر نەچچە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيى ئارقىلىق ھەق دىننى، توغرا يولنى كۆرسەتتى. ئىنسانلارنى يالغۇز بىر ئاللاھقا چاقىرىشنى بۇيرىدى. ئاللاھ تائالانىڭ: «سېنى قايمۇققان تېپىپ ھىدايەت قىلمىدۇقمۇ؟» دېگىنى مانا مۇشۇ رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇش ھارپىسىدىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىيە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتنى شۇرا سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەت تەپسىر قىلىدۇ:[34] ﴿وَكَذَلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحًا مِنْ أَمْرِنَا مَا كُنْتَ تَدْرِي مَا الْكِتَابُ وَلَا الْإِيمَانُ وَلَكِنْ جَعَلْنَاهُ نُورًا نَهْدِي بِهِ مَنْ نَشَاءُ مِنْ عِبَادِنَا﴾ (شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك

31 بەقەرە سۈرىسى: 282- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
32 كەھف سۈرىسى: 104- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
33 نەھل سۈرىسى: 87- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
34 ئىبنى قەييىم جەۋزىيە: «الصواعق المرسلة في الرد على الجهمية والمعطلة» 734/2.

. شۇبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن)[35] دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئازغۇن ئەمەس ئىدى، پاكلىقىغا دەخلى يېتىدىغان بىر گۇناھمۇ ئىشلىمىدى.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمانلار! پەيغەمبەرلىك ماقامى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئۇلۇغ ماقام ۋە ئەڭ ئالى مەرتىۋە. ئاللاھ تائالا مۇشۇ مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەلچىسى قىلغان ئۇلۇغ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەققىدە مۇنداق ئەدەپسىز، نالايىق گەپلەرنى قىلىش ئېغىر گۇناھ. ئاللاھ ھۆرمەتلىك قىلغان بۇ ئۇلۇغ زاتلارنى بىزمۇ ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇلار ھەققىدە گەپ-سۆز قىلغاندا ئەدەب بىلەن ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىگە لايىق گەپ قىلىشىمىز لازىم .

35 شۇرا سۈرىسى: 52- ئايەت.

ئاللاھ تائالادىن بىزگە توغرىنى توغرا كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى، باتىلنى باتىل كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن قېچىشنى نېسىپ قىلىشىنى تىلەيمەن، ئامىين.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراھمان جامال.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلامدۇر

تاھىرجان ئاباس

ئىسلام ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنىپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن تاكامۇللاشقان بىردىنبىر ھەق ۋە تەۋھىد دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بىر بولۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەقىدە مەسىلىلىرى بىردەكتۇر. تارىختىن بېرى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۈممەتلىرىنى دائىم بىر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىپ كەلگەن. ھەزرىتى نوھ، ھەزرىتى ئىبراھىم، ھەزرىتى ياقۇپ، ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشىغان نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىمۇ مۇسۇلمان بولۇشقا بۇيرۇلغان. دېمەك، «ئىسلام» خۇددى ئىززەت بىگوۋىچ ئېيتقاندەك، مۇبارەك تەسلىمىيەت، يەنى ئۆزىنى مۇتلەق ئاللاھقا تاپشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

«ئىسلام» ئاتالغۇسى ئەرەبچە بىر ئىبارە بولۇپ، لۇغەتتە تىنچلىق، كېلىشىش، بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئىسلامنىڭ مەزكۇر لۇغەت مەنىسىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ ئېتىبارغا ئالىدىغان بولساق، مەيلى باتىلغا بوي ئەگىش بولسۇن، مەيلى ھەقىقەتكە بوي ئەگىش بولسۇن، ياكى بىر ئاللاھقا بوي ئەگىش بولسۇن مۇتلەق بوي ئەگىپ ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. لېكىن ئاتالغۇ ياكى قۇرئان كەرىمدە كەلگەن «ئىسلام» دېگەن سۆز پەقەتلا بىر ئاللاھقا بوي ئەگىپ، ئىتائەت قىلىش دېگەن ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن كۈچلەنگەن «تەۋھىد، يەنى يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىشىنىش» ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە «ھەنىپلىك ـ توغرا يول» ئىسمى بېرىلگەن ھەق ۋە توغرا دىندۇر.. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ توغرا دىن ھەققىدە ئۆز ئۈممىتىگە نەسىھەت قىلىپ: «توپ توغرا تۇتۇڭلار ۋە ئۆڭدىن ئەسلا ئايرىلماڭلار» دېگەن بولسا، جانابىي ئاللاھ ئۆز كىتابىدا: (ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نوھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا

(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار، مۇشرىكلارغا سەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسە (يەنى تەۋھىد) ئېغىر كەلدى، ئاللاھ تەۋھىدكە خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ، ئاللاھنىڭ (تائەتكە) قايتىدىغان ئادەمنى تەۋھىدكە باشلايدۇ)[1] دېگەن، يەنە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 18 - ۋە 19 - ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن[2] ئىسلام، جانابىي ئاللاھنىڭ، ئۇنىڭ پاك پەرىشتىلىرىنىڭ ۋە ئادالەتنى ياقلايدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بويىچە، ئۇ _ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا، قۇللۇق بىلدۈرۈپ، يېلىنىپ يالۋۇرۇشقا لايىق ھېچبىر ئىلاھ يوق دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان، جانابىي ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلىنغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ توغرا دىن دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

دېمەك، مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ روھى بويىچە بولغاندا، دۇنياغا كېلىپ كەتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ نېگىزى «ئاللاھنىڭ بىرلىكى _ تەۋھىد» ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. پۈتۈن نەبى ۋە رەسۇل - پەيغەمبەرلەر بۇ تەۋھىد ئەقىدىسى ئەتراپىغا مەركەزلىشىپ، ھەممىسى ئۇممەتلىرىنى شۇ ئورتاق بىرلا ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

لېكىن شۇ بىر ھەقىقەتكى، پۈتۈن دىنلاردا ئەسلا ئۆزگەرمەيدىغان تەۋھىد ۋە ئەخلاق كاتېگورىيەسىدىن باشقا ئىقتىساد، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئالاقىدار شەرىئەت ئەھكاملىرىدا زامان ۋە ماكانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلى، ئۇسلۇب ۋە مېتود جەھەتتە قىسمەن پەرقلىقلەر يۈز بەرگەن.

ئەسلىدە بۇ تۈر پەرقلىقلەر ۋە ئوخشاشماسلىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. بىز بۇ ئوخشاشماسلىقلارنى شارائىت، مۇھىت ۋە تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئىنسانىي ئېھتىياجدىن كېلىپ چىققان بىر ئۆزگىرىش دەپ قارىساق بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىنسانلىق ئالەمدە ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان بىر ھەقىقەت.

ئەسلىدە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ غايىسى خالىس تەۋھىد ئاساسىدا، ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئەخلاق، ئىش – ئەمەل ۋە ئىبادەتلىرىنى تۈزىتىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ئەھكاملىرى ئارىسىدا، يەنىلا بىر قىسىم

---

1 سۈرە شۇرا 13 ـ ئايەت.

2 {ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [18]. ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى)، كىمكى ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن (ئاللاھ ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ)، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر}(سۈرە ئال ئىمران، 18 – ۋە 19 – ئايەتلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشىماسلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشى، ھەربىر پەيغەمبەر ئۆزى ئەۋەتىلگەن قەۋم ۋە مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ – ئادەتلىرىدىن، دىنىنىڭ ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە ئىبادەت پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولغانلىرىنى قويۇپ، ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنى چەكلىگەنلىكى تۈپەيلىدىن بولغان. بۇ خىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندا ھەر قەۋم ۋە مىللەتلەرنىڭ چۈشەنچە، ئاڭ ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئۇيغۇن ئۇسلۇب ۋە مېتود قوللىنىلغان. شۇ ۋەجىدىن دىنىنىڭ ئەسلى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، شەرىئەت مەسىلىلىرىدە پەرقلىقلەر يۈز بەرگەن.

ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر قانچىلىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆز ئېتىقادچىلىرى تەرىپىدىن مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا، بۇرمىلاش ۋە ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كەلگەن بۇرۇنقى ساماۋى دىنلاردىكى ئورتاق ھەقىقەتلەرنى ئەلمىي قىممەت ئۆلچىمى بويىچە كۈچلەندۈرۈپ، قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچە ۋە ئاڭ سەۋىيەلىرىگە مۇناسىپ شەكىلدە، ئىنتايىن ئېنىق بايان ۋە تەپسىلىي ئىزاھلىغان؛ بىر قىسىم شەرىئەت مەسىلىلىرىدە زامان ۋە ماكان شەرتلىرىنى نەزەرگە ئالغان؛ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ۋە دائىملىق بىر روھ ئىچىدە يۈكسىلىپ، تەرەققىياتقا يۈزلىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىجتىھاد يولىنى ئوچۇق قويغان. شۇنىڭدەك شەخسلەرنىڭ ئىستېداد ۋە قابىلىيىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن.

ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە ئەخلاقتا مۇناسىۋەتلىك ماۋزۇلاردا ساماۋى كىتابلاردىكى ئوخشاشلىقلار ئۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلا مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە ھەممىسىنىڭ بىرلا غايىدە بىرلەشتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى ئۆزگەرگەن تەۋرات ياكى ئۆزگەرگەن ئىنجىل بولسۇن، مەيلى قۇرئان كەرىم بولسۇن، ھەممىسى جانابىي ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن، مەنبەسى بىر، غايىسى ئوخشاش كىتابلار بولۇپ، ھېچبىر دىن مەنسۇبىنىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلىشىغا ئورۇن يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىز پەيغەمبەرلەر ئوخشاش دىنغا ئىگە بىر ئائىلىنىڭ ئەۋلادلىرىمىز» دېگەن. بۇ ھەدىس بىزگە، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ پەقەتلا بىر ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە ئايرىلماس بىر جامائە كىشىلىرى ئىكەنلىكىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭمۇ ئەسلىدە بىر ئېتىقاد ئاساسىدا بىرلەشتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما زامان، ماكان ۋە شەرت – شارائىتقا ئەگىشىپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئىلاھىي ئەمرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇپ كېتىشى، ياكى بۇ ئەمرلەرنى باشقىلارغا توغرا ۋە تولۇق شەكىلدە يەتكۈزمىگەنلىكى ۋە ياكى دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋاز كېچىشى دېگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىختىلاپلىشىپ، پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى قۇرئان كەرىمنىڭ يۇنۇس سۈرىسى 19 - ئايىتىدە، بەقەرە

سۈرىسىنىڭ 253 – ئايەتلىرىدە[3] ئېنىق بايان قىلىنغان.

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ھېچ شۈبھىسىزكى، بۇرۇن ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىنمۇ تەبلىغ قىلىنغان بىر ئالەمشۇمۇل دىندۇر. دېمەك، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ تەبلىغ قىلغان دىنى ئالدىنقى پەيغەمبەرنىڭ تەبلىغ قىلغان دىنىنى تاماملىغۇچى، زامان ۋە ماكاننىڭ شەرتلىرىگە مۇناسىپ كەلمىگەن ھۆكۈم ۋە بىر قىسىم ئەھكاملارغا تۈزىتىش بېرىپ قېلىپلاشتۇرغۇچى بىر پورىمدۇر. بۇ بىرگە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ «تەۋھىد - لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن ھەقىقەت ئاساسىدا بىرلىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىم بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ھەققىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رەببى، ئىلاھى پەقەت بىرلا ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، ھەممىسىنىڭ قانۇن ۋە ھۆكۈملىرىنىڭ ئوخشاش مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئۈممەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

چۈنكى ئىماننىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى توغرىسىدا ھېچبىر پەيغەمبەر ئۆزىدىن باشقا پەيغەمبەرنىڭكىدىن پەرقلىق بىر پرىنسىپ ۋە ئۆلچەم ئېلىپ كەلگەن ئەمەس. ھەممە پەيغەمبەر ئوخشاش ئاساس ۋە ئوخشاش پرىنسىپلار ئۈستىدە توختالغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىش قىلىشقا، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ۋە ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. بۇ ھەقتە جانابىي ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى)[4]. ماددىغا باغلىنىپ چېكىدىن ئاشقان دۇنيا مۇھەببىتى، دۈشمەنلىك، ئەخلاقسىزلىق، تىجارەتتە ھىلە ئىشلىتىشتەك يامان ئىشلار بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىنمۇ ئەيىپلىنىپ چەكلەنگەن. بۇ ھەقتە جانابىي ئاللاھ: (كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن) كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار)[5] دېگەن. شۇنىڭدەك، كىشىلەرنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرۈش، ياخشىلىققا ئۈندەش، ياخشىلىق يولىدا جاپا - مۇشەققەتلەرگە چىداش، كىشىلەرگە رەھىم - شەپقەتلىك ۋە كەمتەر بولۇشتەك نۇرغۇن ئىشلار بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ

3 {ئىنسانلار (ئەسلىدە) بىر دىن (يەنى ئىسلام دىنى) دا ئىدى. كېيىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى دىنلار كۆپەيدى،) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىن ئالا ئېيتقان سۆزى (يەنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەقدىرى) بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلاتتى (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا جازا بېرىلەتتى.) (سۈرە يۈنۈس، 19 – ئايەت.)

{ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ}(بەقەرە سۈرىسى، 253 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.)

4 ئەنبىيا سۈرىسى، 73 – ئايەت.

5 سۈرە شۇئەرا، 183 – ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆممەتلىرىگىمۇ بۇيرۇلغان. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ھەزرىتى لوقماننىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىدە:(ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى ۋاقتىدا (تەئدىل - ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرىغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن، (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ۋە ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر)[6] دېيىلگەن.

پۈتۈن بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ يىغىندىسى توپلانغان مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىمنىڭ ئەنبىيا سۈرىسىدە مۇسا، ھارۇن، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، نوھ، لۇت، داۋۇد، سۇلەيمان، ئەييۇب، زۇلكىفل، يۇنۇس، زەكەرىييا، يەھيا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلە زىكىر قىلىنغان. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن بۇ قىسسىلەرنىڭ بۇ شەكىلدە بايان قىلىنىش غايىسى يەنە شۇ سۈرىنىڭ 92 – ئايىتىدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ((ئى پەيغەمبەرلەر جامائىسى!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار.) بۇ سۈرىدە بىر گۇرۇپپا پەيغەمبەرلەرنىڭ بىردەك بايان قىلىنىشىنىڭ غايىسى، بىرىنچى قىلىپ، قۇرئان كەرىم خىتاب قىلغان بىر ئىنسانلارغا پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن دىنلارنىڭ ئەسلى مەنبەسى بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. ئىككىنچى قىلىپ، باشقا دىنىي ئۇقۇم، دىنىي ئاڭ ۋە دىنىي پرىنسىپلارنى ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ ئىچىدە تەقدىم قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ دىن يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىن ۋە ئېبرەتلىك ھال - ئەھۋاللىرىنى بىر ئىنسانلارغا بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ماۋزۇدا سۈرە شۇئەرادا ئارقىمۇ- ئارقا زىكىر قىلىنغان قىسسىلەرنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىنى دىققىتىمىزگە سۇنغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ نۇقتىدا سۈرىدە بايان قىلىنغان نوھ، ھۇد، سالىھ، لۇت ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرى ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئەيكەلىكلەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئىپادىلەنگەندە، ھەر قېتىم ئەرەبچىدە «رەسۇل» (پەيغەمبەر) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان «ئەلمۇرسەلىن - ئەلچىلەر - يەنى پەيغەمبەرلەر» سۆزىنى ئىستېمال قىلىپ بايان قىلىش تەلەپ قىلىنغان. بۇ مەسىلىدە ھەر قەۋمنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئەمەلىيەتتە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس. بۇنىڭ تۈپكى مەقسىتى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، تۈپ يىلتىزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، شۇڭا پەيغەمبەرلەردىن بىرىنى ئىنكار قىلغانلىق بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈندۇر.

6 سۈرە لوقمان، 17 – ئايەت.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، «ئىسلام» ئاتالغۇسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىپادىسى بويىچە، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭلا ئىسمى ئەمەس. بەلكى، ئۇ ـ تۇنجى ئىنسان ۋە دەسلەپكى پەيغەمبەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ چاقىرىقى ۋە بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ئەگەشكەن ئىنسانلارنىڭ، ھەتتا جىن تائىپىلىرىنىڭمۇ ئورتاق دىنىدۇر.[7] شۇنىڭ ئۈچۈن قايسى تىلدا، قاچان ۋە قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ تائالادىن كەلگەن پۈتۈن ۋەھىيلەرگە، نازىل قىلىنغان پۈتۈن كىتاب ـ سەھىپىلەرگە ۋە ئەۋەتىلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە چىن ئىشىنىش پۈتۈن ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ زۆرۈرىيىتىدۇر.

دېمەك، بۇ ھەق دىن، يەنى ئىسلام دىنى تۇنجى ئادەم ۋە دەسلەپكى پەيغەمبەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تاكامۇللاشقان، زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن دىنىي پرىنسىپلارنى يېڭىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن، شۇنىڭدەك، ئۆزگىرىپ كېتىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىختىلاپ ۋە دە - تالاشلارنى يوق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت – سائادىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، جانابىي ئاللاھ ئۆزى رازى بولۇپ تاللىغان بىردىنبىر ھەقىقەت ۋە ھىدايەت مەنبەسىدۇر.

بۇ نوقتىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، قۇرئان كەرىمنىڭ بۇرۇنقى كىتابلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەن تەرەپلىرىنى ئەسلىگە ئۇيغۇن تۈزىتىشى ۋە توغرا تەرەپلىرىنى تەستىقلاپ قوبۇل قىلىشى، شۇنىڭدەك پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئاللاھنىڭ بىرھەق ئەلچىلىرى دەپ كۆرسىتىشى بىر مەسىلە بولسا، پرىنسىپ جەھەتتىن پەقەتلا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىش، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىگە بوي سۇنۇش دەپ كۆرسىتىشى ئايرىم بىر مەسىلە؛ چۈنكى بۇ توغرىسىدا ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنۇ ئايەتلەرنى بايان قىلغان: ((ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن)[8]. (بۇ بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، (ئۇنىڭغا) مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار)[9] ((ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن

7 4. تەپسىرۇل مەنار 3 ـ قىسىم 257 ـ ئايەت.

8 سۈرە مائىدە 48 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
9 سۈرە ئەنئام 155 – ئايەت.

www.uyghurkitap.com



سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر)[10]. ((ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممىي پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار)[11] ((ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»)[12].

بۇ ئايەتلەردە جانابىي ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن ساماۋى كىتابلارنىڭ شاھىدى، يەنى بۇرۇنقى كىتابلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەن تەرەپلىرىنى توغرىلاش، توغرا تەرەپلىرىنى تەسدىقلاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ھۆكۈم مەسىلىسىدە قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ئەمرى قىلغانلىقىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ مۇبارەك كىتاب ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلارنىڭ چوقۇم ئۇ كىتابقا ئەگىشىشتىن باشقا ئەمەسلىكىنى، شۇنىڭدەك يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارغا ئورتاق پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكىنى، توغرا يول ۋە ھىدايەت تېپىش پەقەت ئۇ زاتقا ئەگەشكەندە ئاندىن ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، قۇتۇلۇش ۋە توغرا يول تېپىش بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

قىسقىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىگە بويى سۇنۇش ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىش پۈتۈن ئىنس ۋە جىنلارنىڭ، توغرىسى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ قەرزى ۋە پەرزىدۇر. مۇھەممەدكە ئىشىنىمەن، قۇرئانغا ئىشەنمەيمەن، ياكى ئاللاھقا ئىشىنىمەن مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمەيمەن دېگەندەك قاراش ۋە چۈشەنچىلەر ھەممىسى كۇپرانىي سۆز ۋە باتىل قاراشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى ۋاقىتتا دۆلەت رەئىسلىرىگە بۇتپەرەس ياكى خرىستىيان لىدەرلىرىگە ئەۋەتكەن

---

10 سۈرە ئەئراف 3 – ئايەت.
11 سۈرە ئەئرف 158 – ئايەت.
12 سۈرە ئال ئىمران 31 . ئايەت.

ئىسلامىي دەۋەت چاقىرىقىنىڭ مەزمۇنى: جانابىي ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىشىنىش ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، مەيلى ئەينى چاغدا بولسۇن ياكى بۈگۈنكى دەۋردە بولسۇن ھەر قانداق شەخس مەيلى ئۇ شەخس ئەھلى كىتابدىن بولسۇن ياكى باشقا تائىپىلەردىن بولسۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىسە، ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە ئەمەل قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىگە قايىل بولمىسا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ دىنى ياكى قىلغان ئەمەل ئىبادىتى ئاللاھ ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ سەككىزىنچى ئايىتىدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: (چوقۇمكى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا مەقبۇل دىن ئىسلام دىنىدۇر، كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەيدىكەن، ئۇ ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئادەم ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر).

مانا بۇ بىر ھەقىقەت، ھېچقانداق بىر پىكىر ياكى ئىدىيىۋى قاراش ياكى دىن مەنسۇبى بۇنى ئەسلا ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇنىڭغا مۇشۇ بويىچە ئىشىنىپ، مۇشۇ بويىچە ئەمەل قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئىگىسىنىڭ ئېتىقادىي مەجبۇرىيىتىدۇر. پەرۋەردىگارىمىز ھەممىمىزنى مۇشۇ ئېتىقاد بويىچە ئەمەل قىلىپ، مەھشەردە ھوزۇرىغا قوبۇل قىلسۇن، ئامىن.

داۋامى كېيىنكى ساندا....

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەھەد ھافىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




## 1. ئىسلامدىكى پاكلىق ۋە پاكىزلىقنىڭ ماھىيىتى

پاكلىق ئىسلام تەسەۋۋۇرىدا ئىماننىڭ كۆرۈنەرلىك نامايەندىسىدۇر، ئەخلاقنىڭ جەۋھىرىدۇر، ئىنسانلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ۋاستىسىدۇر، دۇنيا - ئاخىرەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدۇر، ھەمدە مەدەنىيەتلىشىش ۋە تەرەققىيات يارىتىشنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر.

پاكلىق ۋە پاكىزلىقنىڭ ماھىيىتى ئەقىدىنى كۇپۇرلۇق ۋە خۇراپاتلاردىن، ئەقلىنى ئاڭسىزلىق ۋە بىپەرۋالىقتىن، ئىدىيەنى ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىغا زىت پىكىرلەردىن، ئەخلاقنى ناچار قىلمىشلاردىن، قەلبنى غەپلەت ۋە ھەسەتخورلۇقتىن، تىلنى پىتنە–ئىغۋا، غەيۋەت ۋە بولمىغۇر سۆزلەردىن، قەلەمنى يالغان ۋە ياۋىداق سۆز-چۆچەكلەرنى يېزىشتىن، قورسىقنى ھارام يەپ سېلىشتىن، بەدەن ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى كىرلىشىپ قېلىشتىن پاك تۇتۇش، ئۆي، ھويلا، مەسجىد، مەھەللە ۋە يوللارنى پاكىز تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.

چۈنكى، ئىسلام پاكلىق ۋە پاكىزلىق دىنىدۇر، پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئىبادەتتۇر، پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئېسىل ئەخلاقتۇر، پاكلىق ۋە پاكىزلىق مەدەنىيەتلىكنىڭ نامايەندىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «پاكلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن[1].



بۇ سەۋەبتىن، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پاكلىق ۋە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىرغان، شۇنىڭدەك، ئۇنى ئىسلامنىڭ شوئارلىرىدىن بىر شوئار ۋە پەرزلىرىدىن بىر پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن، ھەمدە پاكلىق ۋە پاكىزلىقنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنىڭ تەقەززاسى دەپ بېكىتكەن ۋە مەنىۋى پاكىزلىقنىڭ ھېسسى پاكىزلىقتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنىڭغا



1 مۇسلىم رىۋايىتى

مۇناسىۋەتلىك جانابىي ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: «پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمىڭنى پاك تۇت»[2]، دېگەن.

ئىسلام پاكىزلىقنى تاھارەت دەپ ئىپادىلىگەن، پاكىزلىقنى ئىمان دەپ سۈپەتلىگەن، پاكىزلىقنى ئىبادەت دەپ بەلگىلىگەن، ھەمدە جانابىي ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە قەلبى ۋە بەدىنى پاك كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى، پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ»[3].

ئىسلام قەلبنىڭ پاكىزلىقى بىلەن بەدەننىڭ پاكىزلىقىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئەقىدىسى پاك، ئىبادەتلىرى پاك، ئىدىيەسى پاك، چۈشەنچىسى پاك، ئىستىلى پاك، قەلبى پاك، تىلى پاك، يېمەك- ئىچمەكلىرى پاك، سىرتقى كۆرۈنۈشلىرى پاك ۋە ھاياتى پاك مەدەنىيەتلىك بىر ئۈممەتنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

دېمەك، ئىسلام دىنى پاكلىق ۋە پاكىزلىقنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى قىلىپ كۆرسەتكەن، چۈنكى ئىسلام دىنى بەدەن، كىيىم- كېچەك ۋە مۇھىتنىڭ پاكىزلىقىنى قەلبنىڭ پاكلىقىنىڭ ۋاسىتىسى قىلىپ بېكىتكەن. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك جانابىي ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)»[4].

بۇ سەۋەبتىن، ئىسلام دىنى شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي پاكىزلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە پاكىزلىقنى ئەقىدە بىلەن چىڭتىشلىق ئىمان مەسىلىسىگە باغلىغان، شۇڭا پاكىزلىققا رىئايە قىلغانلار ساۋابقا ئېرىشسە، رىئايە قىلمىغانلار گۇناھكار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاكىزلىقنىڭ ئىمان بىلەن چىڭتىشلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «ئىماننىڭ تارماقلىرى يەتمىش قانچىدۇر، ئىماننىڭ يۇكسەك پەللىسى بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەن سۆزدۇر، ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن قىسمى كوچىلاردىكى ئەخلەت ياكى زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى تازىلىۋېتىشتۇر، ھايا قىلىش ئىماننىڭ بىر تارمىقىدۇر» دېگەن[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاممىۋى پاكلىق ۋە پاكىزلىققا قىزىقتۇرۇپ، ئاللاھنىڭ پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ پاكتۇر، پاك نەرسىدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى سۆيىدۇ. سېخىدۇر، سېخىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، سىلەر ھويلا - ئارامنى پاكىز تۇتۇڭلار، يەھۇدىلارغا ئوخشاپ قالماڭلار»[6]. پەيغەمبىرىمىز ئۆينىڭ

2 مۇدەسسىر سۈرىسى، 3 – 4 – ئايەتلەر.
3 بەقەر سۈرىسى، 222 – ئايەت.
4 مائىدە سۈرىسى، 6–ئايەت.
5 بۇخارى رىۋايىتى.
6 تىرمىزى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هويلىسىنى پاكىزلاشقا شۇنچۇۋېلا ئەھمىيەت بەرگەن يەردە، ئەلۋەتتە ئۆيىنىڭ ئىچىنى پاكىز تۇتۇشقا ۋە ئۆيدە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ نەپسىنى پاكلاشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدا شەك يوق، چۈنكى جانابىي ئاللاھ قەلبىنىڭ، روھىنىڭ، ۋىجدانىنىڭ ۋە بەدەننىڭ پاكلىقىنى ۋە پاكىزلىقىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇسۇلمانلارنى چىرايلىق ۋە رەتلىك كىيىنىشكە بۇيرۇپ: «سىلەر قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسىلەر، مىنگەن نەرسەڭلارنى رەتلىۋېلىڭلار، كىيىم - كېچەكلىرىڭلارنى تۈزىتىۋېلىڭلار، پاكلىق ۋە پاكىزلىق جەھەتتە كىشىلەر ئارىسىدا مەڭدەك ئالاھىدە بىلىنىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ يامان سۆز ۋە يامان قىلىقلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېگەن[7].

بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئەر- ئايال مۇسۇلمانلار ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا تەقى- تۇرۇقىغا سەل قارىساياكى تۇرمۇشىنىڭ بېسىمى سەۋەبلىك ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرمىسە توغرا بولمايدۇ. ئاڭلىق مۇسۇلمان دېگەن روھىنىڭ، ئەقلىنىڭ ۋە جىسمىنىڭ تەلەپلىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ھەممىسىنى تەڭ تۇتۇپ ياشايدۇ، ھەممىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، بىر تەرەپكە كۆڭۈل بۆلۈپ، يەنە بىر تەرەپكە سەل قارىمايدۇ.

7 ئەھمەد رىۋايىتى



## 2. مەنىۋى پاكلىق

## مۇسۇلماندىن نېمىلەرنى تەقەززا قىلىدۇ؟

ئىنساننىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى پاكىزلىشى مۇھىم بولسا، قەلبىنى پاكىزلىشى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمدۇر، چۈنكى ئىنساننىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى گۈزەل بولغان بىلەن قەلبى پاك بولمىسا، ئۇ ئىنساندىن باشقىلارغا ياخشىلىق كەلمەيدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ توغرا پىكىر قىلىشى، توغرا ئىش-ھەرىكەت قىلىشى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى قەلبىنىڭ پاك بولۇشىغا باغلىقتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرنىڭ تەقى-تۇرقۇڭلارغا ۋە مال-مۈلۈكىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئىش-ھەرىكىتىڭلارغا قارايدۇ» [8]

بەدەن ۋە كىيىم- كېچەكنى سۇ بىلەن پاكىزلىغىلى بولغان بىلەن،قەلبنى پاكىزلىغىلى بولمايدۇ. قەلبىنىڭ پاكىزلىقى جانلىق ئەقىدە، ساغلام ئىبادەت، توغرا ئىدىيە ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇش ھەمدە ھەرتۈرلۈك شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ياخشى ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلىش

ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قەلبىنى ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت پەلسەپەلەردىن، ئىسلام ئىدىيەسىگە زىت ئىدىيەلەردىن، ھەمدە ئەخلاقنى ئاداۋەت، ھەسەت، يالغانچىلىق ۋە ساتقۇنلۇقتا ئوخشاش ناچار قىلمىشلاردىن تازىلاش ئارقىلىق پاكلىغىلى بولىدۇ.

قەلب ئىنسانغا نىسبەتەن ئىسلاھ قىلىشتا ۋە پاكىزلاشتا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئەزا ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى پەيغەمبىرىمىز قەلبنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە موتۇرنىڭ رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ: «قەلب تۈزەلسە بەدەننىڭ ھەممىسى تۈزىلىدۇ، قەلب بۇزۇلسا بەدەننىڭ ھەممىسى بۇزۇلىدۇ» دېگەن[9].

مۇسۇلمان قەلبىنى پاكلىغاندا، قىلغان ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلغان ھەرقانداق ياخشى ئىش ۋە پائالىيەتلەرنى بىرەرسىنىڭ ماختىشىغا ياكى تەقدىرلەپ ئالقىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلمايدۇ، ياكى بولمايدۇ بىرەر ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى كۆزلىمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىش سەممىيەت ۋە ئىخلاسنى تەقەززا قىلىدۇ.

قەلبىنى پاكلىغان بىر مۇسۇلمان بىرىنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ، يامان كۆرسە، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن يامان كۆرىدۇ. مانا بۇ قەلبىنىڭ پاكلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

9 بۇخارى رىۋايىتى.

قەلبى پاك مۇسۇلمان ھەر زامان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن سەممىمىي ۋە دۇرۇس بولىدۇ، قېرىنداشلىرى ئېرىشكەن ھەر تۈرلۈك نېمەتلەرگە ھەسەت قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىگە ياخشىلىق كەلگەندەك خۇرسەن بولىدۇ، چۈنكى بىر مۇسۇلماننىڭ باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىقنى ياخشى كۆرۈشى ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «سىلەرنىڭ قايسىبىرىڭلار ئۆزۈڭلارغا ياخشى كۆرگەن ھەرقانداق نەرسىنى قېرىنداشلىرىڭلارغا ياخشى كۆرەلىگۈدەك سەۋىيەگە يەتمىگۈچە مۆمىن بولالمايدۇ» دېگەن[10].

قەلبى پاك مۇسۇلمان ھېچبىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى تۆۋەن كۆرمەيدۇ، چۈنكى بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننى تۆۋەن كۆرۈشى ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى تۆۋەن كۆرۈشى گۇناھ جەھەتتە يېتەرلىكتۇر»[11].

قەلبى پاك مۇسۇلمان باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ: «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىرى بار ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەن[12] سۆزىنى بىلىدۇ.

قەلبى پاك مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە قارىتا -ئېنىق خاتا

10 بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
11 مۇسلىم رىۋايىتى.
12 مۇسلىم رىۋايىتى.

ئويغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولمىسا - ياخشى ئۆيدا بولىدۇ، يامان گۇمان قىلمايدۇ، بەلكى مەن بىلمەيدىغان سەۋەبلەر باردۇ دەپ قارايدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىم بۇ توغرىدا: «ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر» دېگەن[13].

قەلبى پاك مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا سالام قىلىش ۋە ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشقا ئالدىرايدۇ، چۈنكى ئۇلارغا سالام قىلىپ، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىر سەۋەب ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «سىلەر مۆمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشمىگۈچە مۆمىن بولالمايسىلەر، ئۆزئارا بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشنىڭ يولى ئۆزئارا سالاملىشىپ تۇرۇش ۋە ئۆزئارا خاتىرجەملىك ھېس قىلدۇرۇشتۇر» دېگەن[14].

مۇسۇلمان قەلبىنى پاكلىغاندا، تىلىنى پاكلىنىدۇ ۋە ياخشى گەپ -سۆزلەردىن باشقىسىنى قىلمايدىغان، شۇنىڭدەك گەپ – سۆزلىرىنى شەرىئەت تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەيدىغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «كىم ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە، ياخشى گەپ-سۆز قىلسۇن، ياكى گەپ- سۆز قىلماي سۈكۈت قىلسۇن» دېگەن[15].

مۇسۇلماننىڭ تىلىنىڭ گۈزەل بولۇشى ياكى بۇزۇق بولۇشى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى ياكى كىرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر مۇسۇلماننىڭ قەلبى تۈزۈلمىگۈچە، ئۇنىڭ ئىمانى ساغلام بولمايدۇ، تىلى تۈزۈلمىگۈچە، قەلبى ساغلام بولالمايدۇ» دېگەن[16]. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، تىلى بۇزۇق ئىنسانلارنىڭ قەلبى ھەسەتخورلۇقتىن ياكى ئاداۋەتتىن ياكى غەيۋەتتىن خالىي بولمايدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلىشى ۋە ئىسلاھ قىلىشىمۇ قەلبنى پاكلاشنىڭ تەقەززاسىدۇر، چۈنكى جانابىي ئاللاھ: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتىڭلارنى ياخشىلاڭلار» دېگەن[17].

ئاللاھ قەلبىنى ئاداۋەت ۋە ھەسەتتىن پاكلىغان كىشىلەرنى مەدھىيىلەپ، مۇنداق دېگەن: «ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: <رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن> دەيدۇ»[18].

دېمەك، قەلبىنى پاكلاشنىڭ نەتىجىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە مۇكاپاتى جەننەتتۇر.

13 ھوجۇرات سۈرىسى، 12 – ئايەت.
14 مۇسلىم رىۋايىتى.
15 بۇخارى رىۋايىتى.
16 ئەھمەد رىۋايىتى.
17 ئەنفال سۈرىسى، 1 – ئايەت.
18 ھەشر سۈرىسى، 10- ئايەت.



## 3. مۇسۇلمان ھاياتىدىكى پاكىزلىق مەدەنىيىتى

پاكىزلىق مۇسۇلماننىڭ ئادىتىدۇر، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر، بۇ سەۋەبتىن شەخسىي پاكىزلىق ئىسلامدىكى ئىبادەت خاراكتېرلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى سىرتقى پاكىزلىق ئىشقا ئاشماي تۇرۇپ مەنىۋى پاكلىق ئىشقا ئاشمايدۇ.

ئىسلامنىڭ شەخسىي پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 1) بەدەن پاكىزلىقى

ئىسلام بەدەننىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراشنى ئىنسانغا ئامانەت قىلىپ، مۇنداق دېگەن: «بەدىنىڭنىڭ سەندە ھەققى بار»[19].

ئىسلام دىنى بەدەننى نىجاسەت، كىر ۋە مەينەتچىلىكتىن تازىلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇغان، چوڭ – كىچىك تەرەتتىن كېيىن سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان، ھەمدە كىيىم ياكى بەدەنگە سۈيدۈككە ئوخشاش نىجاسەتنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ساقلانماسلىقنى قەبرىدە ئازابقا قېلىشنىڭ سەۋەبى دەپ كۆرسەتكەن.

19 بۇخارى رىۋايىتى.

ئىسلام دىنى قول پاكىزلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى قولنى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «بىر ئادەم قولى مەينەت بولسىمۇ، قولىنى يۇيماي ئۇخلاپ قالغانلىق سەۋەبىدىن بىرەر كېسەلگە يولۇققان بولسا، ئۆزىدىن باشقىلارنى ئەيىبلىمىسۇن» دېگەن[20]. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، بىر ئىنسان قولىنى پاكىزلاشقا تېگىشلىك ئورۇنلاردا قولنى يۇيماي، يېمەك - ئىچمەكلەرگە ئىشلىتىپ قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

ئىسلام پاكىزلىقنى ئىمانغا باغلاپ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەپتىدە ئاز دېگەندە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ھەر مۇسۇلماننىڭ ھەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ بەدىنىنى يۇيۇپ تۇرۇشى لازىم» دېگەن[21]. پەيغەمبىرىمىز يەنە جۈمە نامىزىغا يۇيۇنۇپ بېرىشقا بۇيرۇپ: «قايسى بىرىڭلار جۈمە نامىزىغا كەلسە، يۇيۇنۇپ كەلسۇن» دېگەن[22].

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پاكىزلىققا قىزىقتۇرۇپ، ھەر دائىم ئۇلارنىڭ پاكىز بولۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن خۇشپۇراق پۇراپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلمان كىشى بەدىنىنى يۇيۇپ پاكىزلاپ تۇرغاندەك، كىيىم –

20 ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
21 بۇخارى رىۋايىتى.
22 بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېچەكلىرىنىڭ پاكىزلىقىغا ۋە رەتلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىشى، ھەمدە پايپاق ۋە ئىچ كىيىملىرىنى يۇيۇپ تۇرۇشى، سېسىق پۇراق پەيدا قىلىپ باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمەسلىكى لازىم.

## 2) بەش ۋاقىت نامازغا تاھارەت ئېلىش ئارقىلىق پاكىزلىنىش:

ئىسلام دىنى تاھارەت ئېلىشنى نامازنىڭ شەرتى قىلىپ بەلگىلىگەن. مۇسۇلمان تاھارەت ئالغاندا ئىككى قولىنى، يۈزىنى، بىلەكلىرىنى ۋە پۇتىنى ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيىدۇ. ھەمدە ئېغىز - بۇرنىغا سۇ ئېلىپ تازىلايدۇ ۋە بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئۇۋلاپ يۇيىدۇ. تاھارەت ئالغاندا كىچىك گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىدا: «بىر مۇسۇلمان تاھارەت ئالغاندا يۈزىنى، قولىنى ۋە پۇتىنى يۇيسا، كىچىك گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن[23].

## 3) يۇيۇنۇش بەزىدە پەرز، بەزىدە سۈننەت بولىدۇ:

ئىسلام دىنى جىنسىي ئالاقە، ئېھتىلام، ھەيز ۋە نىپاس قاتارلىق ئەھۋاللاردا غۇسلى قىلىشنى پەرز قىلغان. ئەلۋەتتە ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن يۇيۇنۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىمۇ ھېكمەتتىن خالىي ئەمەس، چۈنكى موسكۇللار كۈچەپ ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن ياكى ئېغىر تەنھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن يۇيۇنۇش ساغلىققا مۇناسىۋەتلىك كۆرسەتمىلەرنىڭ تەقەززاسىدۇر. شۇنىڭدەك جىنسىي ئالاقىدىكى موسكۇل ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن يۇيۇنۇش قان ئايلىنىش ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇپ، موسكۇللارنىڭ كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ھەمدە ھورۇنلۇقتىن ساقلايدۇ.

## 4) ئېغىز ۋە چىش پاكىزلىقى:

ئىسلام دىنى ئېغىز ۋە چىشنى پاكىز تۇتۇشقا بۇيرۇغان، بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىز پاكىزلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **«مىسۋاك ئىشلىتىش ئېغىزنى پاكلايدۇ ۋە پەرۋەردىگارنى رازى قىلىدۇ»**[24]. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېغىزنىڭ پۇراپ قېلىشىنى خالىمايدىغانلىقى ئۈچۈن: «كېچە ياكى كۈندۈزنىڭ بىرەر ۋاقتىدا ئۇخلىسا، ئويغانغاندا تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن ئېغىزنى مىسۋاك بىلەن تازىلايتتى»[25].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىزنى پاك تۇتۇش توغرىسىدامۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۈممىتىمگە ئېغىرچىلىق بولمايدىغان بولسا، ئۇلارنى ھەر ناماز ۋاقتىدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇغان بولاتتىم»[26]. بۈگۈنكى ئىلمىي تەتقىقاتلاردا مىسۋاكنىڭ تەركىبىدە مىكروب ئۆلتۈرىدىغان ماددىلارنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانغان. شۇڭا، ئىمكانىيەت بولسا مىسۋاك ئىشلىتىش، مىسۋاك ئىشلىتىش قولاي بولمىسا، چىش پاستىسى

23 مۇسلىم رىۋايىتى.

24 بۇخارى رىۋايىتى.
25 ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى
26 بۇخارى رىۋايىتى.

ئىشلىتىش ئارقىلىق ئېغىزنى پاكىزلاپ تۇرۇش زۆرۈر.

ئىنسانلار 200 يىلدىن بېرى چىش چوتكىسى ئىشلىتىشكە باشلىغان بولسا، مۇسۇلمانلار 1400 يىلدىن بېرى مىسۋاك ئىشلىتىش ئارقىلىق ئېغىز ۋە چىشلىرىنى پاكىز تۇتۇپ كەلگەن.

ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى شۇنچە ئېنىق بولسىمۇ، بىراق بەزى مۇسۇلمانلار ئېغىزنىڭ پۇرىقى بىلەن كارى بولمايدۇ، كىيىم - كېچەك ۋە پايپاقلىرىنىڭ پاكىزلىقىغا دىققەت قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭ تۈيغۇسىغا پەرۋا قىلماستىن شۇ ھالىتى بىلەن مەسجىدكە بېرىپ، قېرىنداشلىرىغا ئەزىيەت بېرىدۇ ۋە پەرىشتىلەرنى ھۆركىتىدۇ. ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «كىم پىياز ياكى سامساقنى خام يېگەن بولسا، مەسجىدكە كەلمىسۇن، چۈنكى پەرىشتىلەر ئىنسان ئەزىيەت ھېس قىلغان نەرسىلەردىن ئەزىيەت ھېس قىلىدۇ» دېگەن[27].

### 5) چاچنى تاراپ ۋە يۇيۇپ تۇرۇش:

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ چاچلىرىنى ياساپ تۇرۇشى، يۇيۇپ تۇرۇشى ۋە تاراپ تۇرۇشى ئارقىلىق سىرتقى كۆرۈنۈشىگە دىققەت قىلىشقا قىزىقتۇرغان، بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز: «كىم چاچ قويغان بولسا، چېچىغا ئەھمىيەت بەرسۇن» دېگەن[28].

### 6) تىرناق ئېلىپ تۇرۇش:

تىرناق ئېلىپ تۇرۇش ئومۇم ئىنسان تەبىئىيگە خاس سۈننەتلەرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى تىرناقلىرىنى ئېلىپ، بۇرۇتىنى ياساپ تۇراتتى»[29].

### 7) ئەۋرەت ۋە قولتۇقلارنىڭ تازىلىقىغا رىئايە قىلىش:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبىئىي خاراكتېرگە ئىگە ئون تۈرلۈك سۈننەتلەرگە رىئايە قىلىشقا چاقىرغان. ئۇلار: «خەتنە قىلىش، بۇرۇت ياساش، ساقال قويۇش، مىسۋاك ئىشلىتىش، تاھارەت ئالغاندا ئېغىز- بۇرنىنى سۇ بىلەن چايقاش، تىرناق ئېلىش، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئۇۋلاپ يۇيۇش، جىنسى ئەزا ۋە قولتۇقلىرىنى تازىلاش، ۋە ئىستىنجا قىلىش»[30] تىن ئىبارەتتۇر.

### 8) كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش:

مۇسۇلماننىڭ بەدىنى پاكىز بولۇش شەرت قىلىنغاندەك، كىيىم- كېچەكلىرىنىڭمۇ پاكىز بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا قىلغان ئىبادەتلىرى ئاللاھ تائالا نىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ.

كىيىم- كېچەك ئادەتتە ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەۋرىتىنى يۆگىشى، سىرتقى كۆرۈنۈشىنى گۈزەللەشتۈرۈشى،

27 مۇسلىم رىۋايىتى.
28 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
29 تەبرانى رىۋايىتى.
30 مۇسلىم رىۋايىتى.

ئويغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان بۈيۈك نېمەتتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلمان كىيىم – كېچەكلىرىنىڭ پاكىزلىقىغا ۋە رەتلىك كىيىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بىر ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلغان بولسا، ئۇ نېمەتنىڭ تەسىرىنى بەندىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن[31].

بولۇپمۇ مەسچىدكە ۋە ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندا، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پاكىزلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز بىر ئورۇندا بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە كىرلىشىپ كەتكەن كىيىملەرنى كۆرۈپ «بۇ كىشى كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ تازىلىغۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدىمۇ؟» دەپ كايىغان[32]. بۇ ھەدىس كىيىم - كېچەكنىڭ پاكىز بولۇشىنى ۋە تەقى تۇرۇقىنىڭ يارىشىملىق بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، مۇسۇلمان ئىمكانىيىتىگە يارىشا پاكىز كىيىملەرنى كىيسە بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن[33]، لېكىن بىر ئىنسان يېڭى كىيىملەرنى كىيگەندە كىبىرلىك قىلسا، ياكى ئىسراپ قىلسا، ياكى باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن كىيسە بولمايدۇ.

**9) تاماق يېگەندە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش:**

ئىسلام يېمەك - ئىچمەكنىڭ پاكىز بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشنى ۋاجىپ قىلغان. بۇ سەۋەبتىن، ئىنسان يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ پاكىزلىقىغا ھەمدە تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ۋە تاماقتىن كېيىن ئىككى قولىنى يۇيۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، چۈنكى پەيغەمبىرىمىز بۇھەقتە: «تاماقنىڭ بەرىكىتى تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى ۋە تاماقتىن كېيىن قول يۇيۇش ئارقىلىق بولىدۇ» دېگەن[34]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە يېمەك - ئىچمەكنىڭ پاكىزلىقىغا تەشەببۇس قىلىپ: «سىلەردىن بىرىڭلار بىر نەرسە ئىچسە پىيالىنىڭ ئىچىگە تىنىپ قويمىسۇن، ھاجەتخانىدا ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن تازىلاپ، ئوڭ قولى بىلەن ئىستىنجا قىلمىسۇن» دېگەن[35].

ئىسلام يەنە يېمەك - ئىچمەك ئېلىپ قويۇلغان قازان - قومۇش ۋە چىنە - قاچىلارنىڭ ئېغىزىنى يېپىپ قويۇشقا بۇيرۇغان.

## 4. مۇسۇلمان ھاياتىدىكى ئاممىۋى پاكىزلىق

ئىسلام شەخسىي پاكىزلىققا تەشەببۇس قىلغاندەك، ئۆي، ھويلا،



31 تىرمىزى رىۋايىتى.
32 ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
33 مۇسلىم رىۋايىتى.

34 ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
35 بۇخارى رىۋايىتى.

يول، مەيدان ۋە قاتناش ۋاستىلىرى قاتارلىق ئاممىۋى مۇھىتلارنىڭ تازىلىقىغىمۇ تەشەببۇس قىلغان.

### 1) ئۆي ۋە مەسجىدنىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش:

ئەلۋەتتە مۇسۇلماننىڭ پاكىزلىقى بەدىنىنىڭ پاكىز بولۇشى، كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ پاكىز بولۇشى، يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ پاك بولۇشى، ئولتۇرىدىغان ئۆيىنىڭ پاكىز بولۇشى، ئىبادەت قىلىدىغان مەسجىدىنىڭ پاكىز بولۇشى، ئوقۇيدىغان مەكتەپلىرىنىڭ ۋە قوللىنىدىغان نەرسە كېرەكلىرىنىڭ پاك ھەم پاكىز بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «ئاللاھ پاكتۇر، پاكلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. سېخىدۇر، سېخىيلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا سىلەر ھويلارڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار» دېگەن[36].

ئۆيىنىڭ پاكىزلىقى قانداق مۇھىم بولسا، مەسجىدنىڭ پاكىزلىقىمۇ شۇنچىلىك مۇھىمدۇر، مەسجىدنىڭ پاكىزلىقى قانداق مۇھىم بولسا، ئۆيىنىڭ پاكىزلىقىمۇ شۇ قەدەر مۇھىمدۇر.

### 2) يول ۋە ئاممىۋى ئورۇنلارنىڭ پاكىزلىقى:

يول ۋە ئاممىۋى مۇھىتلارنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش، شۇ جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرگەن شەخسلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ. ئىسلام دىنى ئاممىۋى ئورۇنلارنى پاكىز تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن ھەمدە يولغا ياكى كىشىلەر پايدىلىنىدىغان ئورۇنلارغا تەرەت قىلىش ۋە ئەخلەت تاشلاشتىن توسىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «سىلەر كىشىلەر سۇ ئالىدىغان ئورۇنلارغا، يولنىڭ دوقمۇشى ۋە سايىلىق ئورۇنلارغا تەرەت قىلىپ قويۇش سەۋەبلىك لەنەتكە قېلىشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەن[37].

ئىسلام دىنى كوچىلارنى ئەخلەت، تىكەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زىيانلىق نەرسىلەردىن تازىلاشنى، مەسجىد ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتلارنى پاكىز تۇتۇشنى سەدىقە قاتارىدا نەزەرگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «يولدىن زىيانلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش سەدىقىدۇر» دېگەن[38].

ئىسلام پاكىزلىقنى قوغداش ۋە باشقىلارنىڭ تۇيغۇسىغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا نەمۇنە خاراكتېرلىك مىسال كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىي پاكىزلىققا رىئايە قىلىشنىڭ ئەڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى - يامانلىرى كۆرسىتىلدى، قارىسام ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنىڭ قاتارىدىن يولدىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، يامان ئىشلىرىنىڭ قاتارىدا مەسجىدكە تۈكۈرۈپ قويۇش، ياكى بۇرنىنى تاشلاپ قويۇش ئىكەنلىكىنى بايقىدىم» دېگەن[39].

36 ترمىزى رىۋايىتى.

37 ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

38 بۇخارى رىۋايىتى.

39 مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۆلىمالار
olimalar
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدەك ئىسلام يەنە ئىنسانلارنىڭ راھىتى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن يول ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاممىۋى مۇھىتلارنى پاكىز تۇتۇشنى ئىماننىڭ قاتارىدىن دەپ قارىغان بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى يولدىن ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلاشتۇر»[40].

ئەينى ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار پاكىزلىقنى ئىماننىڭ تەقەززاسى ۋە ئىبادەتنىڭ شەرتى دەپ كۆرسەتكەندە، ئىسپانىيە خرىستىيانلىرى كىشىلەرنى پاكىزلىقتىن توساتتى ۋە پاكىزلىقنى بۇددىزملىقنىڭ قىلىقى دەپ قارايتتى، چۈنكى شۇ دەۋردىكى خرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ مەينەتلىكى بىلەن ئاۋۇناتتى، ھەتتا بىر مۇناخ ئايالنىڭ ئاتمىش يېشىغا قەدەر قولىدىن باشقا ئەزاسىغا سۇ تەككۈزۈپ باقمىغانلىقى ئەسەرلەردە قەيت قىلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، خرىستىيانلار ئەندەلۈس (ئىسپانىيە)نى بېسىۋالغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاممىۋى مۇنچىلارنى يىقىتىپ تاشلاشقا بۇيرۇغان ئىكەن[41].

بەزى مۆتىۋەر ئەسەرلەردە، ياۋروپا خرىستىيانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆمۈر بويى يۇيۇنۇشتىن ياكى قول - پۇتلىرىنى يۇيۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا يۇيۇنماسلىق ئىماننىڭ قاتارىدىن دەپ قارىلىدىغان ئادەت شەكىللىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ياۋروپادا ئۆيلەر 20- ئەسىرگە قەدەر ھاجەتخانىسىز سېلىنغانلىقى مەلۇم. ياۋروپا خرىستىيان دۇنياسىدا 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان جون ۋېزلىدىن ئىلگىرى بىرەرسى پاكىزلىقنى ئىماننىڭ قاتارىدىن دەپ باققان ئەمەس[42].

دېمەك، ئىسلام دىنى پاكلىق، پاكىزلىق ۋە گۈزەللىك دىنىدۇر، پاكلىققا ئەھمىيەت بېرىش كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقتۇر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەردىن ساقلىنىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلىدۇر. شۇڭا، بىز ئىسلامنىڭ مەدەنىيەتلىك ئەخلاقىي قىممەت قاراشلىرىغا رىئايە قىلىشىمىز، ھەمدە بەدەنلىرىمىز، كىيىم- كېچەكلىرىمىز، ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىمىزنى پاكىز تۇتۇشىمىز، شۇنىڭدەك ئۆيلىرىمىزنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى پاكىزلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم، چۈنكى پاكىزلىق، گۈزەللىك ۋە ساغلاملىققا ئەھمىيەت بېرىش ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر ۋە مەدەنىيلىكنىڭ نامايەندىسىدۇر.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىرجان ئابباس.

40 بۇخارى رىۋايىتى.

41 لىن بول: «ئىسپانىيەدىكى ئەرەب ۋەقەلىرى»، 120 ۋە 199 – بەتلەر.

42 جالال مەزھەر: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى»، 425 - 426- بەتلەر.

# فىقھ ۋە مۇھەددىس سەمەرقەندلىك پاتىمە

ئاتاۋۇللا سەئىد

نام-شۆھرەت، ئىززەت- ھۆرمەت ئەرلەرگىلا خاس، جاھاندىن نام-نىشانسىز، ئىزسىز ئۆچۈش ئاياللارغىلا باقىۋەندە ئەمەس.

نۇرغۇن ئاياللار ئىلىم-پاراستى، ئەپيەت-نۇمۇسى، باتۇرلۇقى بىلەن تارىخ بەتلىرىگە ئىسىملىرىنى ئالتۇن ھەل بىلەن نەقىشلىگەن. ئۇلار كېيىنكىلەر ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بولۇپ قالغان. ئەنە شۇ مەشھۇر ئاياللارنىڭ بىرى شانلىق قاراخانىيلار دۆلىتىمىز ئالىملىرىدىن فەقىھ (فىقھشۇناس)، مۇھەددىس (ھەدىسشۇناس)، ئادىل پادىشاھ نۇرۇددىننىڭ مەسلىھەتچىسى سەمەرقەندلىك پاتىمەدۇر.

پاتىمە سەمەرقەندلىك ئالائۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدنىڭ قىزى بولۇپ، غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى تۈپرىقى ئالىملارنىڭ ماكانى بولغان تۈركىستانغا تەۋە كاسان[1] شەھرىدە تۇغۇلغان.

ئۇنىڭ دادىسى ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كاتتا فەقىھلىرىدىن بىرى «تحفة الفقهاء» (فەقىھلەرگە ھەدىيە) ناملىق مەشھۇر كىتابىنىڭ مۇئەللىپى ھىجرىيە 536-يىلى ۋاپات بولغان سەمەرقەندلىك ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەددۇر. ئۇ ئۆز ھاياتىنى ئىلمىي خىزمەتكە ئاتىغان، كۈندۈزلىرى ئىلىم ئۆگىتىش، كىتاب يېزىش، كېچىلىرى تەھەججۇد ئوقۇش بىلەن ئالدىراش ئىبادەتگۆي، زاھىد، ئۆز ئەۋلادلىرىنى تەربىيەلەشكىمۇ سەل قارىمىغان. ئائىلىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇمىغان ئالىم ئىدى. ئۇ قىزى پاتىمەنى ئىلىملىك، ئەخلاقلىق، ھايالىق قىلىپ تەربىيەلىگەن.

ئىلىم سۆيەر، تىرىشچان پاتىمە فىقھى(ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى) ئىلمىنى دادىسىدىن ئۆگەنگەن. دادىسىنىڭ ئىلمى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماستىن، يەنە باشقا ئۆلىمالاردىنمۇ ئىلىم ئۆگىنىپ، ئىلمىنىڭ يۇقىرىلىقى، پىكىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، زېرەكلىكى ۋە گۈزەللىكى بىلەن مەشھۇر بولغان. دادىسىنىڭ «تحفة الفقهاء»(فەقىھلەرگە ھەدىيە) دېگەن كىتابىنى تولۇق يادلىغان.

رۇم پادىشاھلىرى (ئاناتولىيە تەرەپتىكى سالجۇقىيلارنى دېمەكچى)، كاساننىڭ يۇز-ئابرۇيلۇق، باي كىشىلىرى ئەلچى بولۇپ كېلىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلىغان[2]. لېكىن ئۆزىنى ئىلىمگە بېغىشلىغان، ئىلىمنى ھەقىقىي بايلىق دەپ بىلىدىغان دادىسى ئالىم ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد سەمەرقەندىي زامانىمىز ئەھلى ئىلىملىرىنىڭ ئەكسىچە، ھەممىسىنى رەت قىلغان. ئىلىم سۆيەر، ئەخلاقلىق، ھايالىق پاتىمەمۇ دەۋرىمىز قىزلىرىنىڭ ئەكسىچە بايۋەتچە، يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە تېگىمەن دەپ دادىسىغا قارشى چىقمىغان. دادىسىنىڭ شاگىرتلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالائۇددىن كاسانىيمۇ بار ئىدى. پاتىمە دادىسىنىڭ شاگىرتى «ئۆلىمالار شاھى» دەپ نام بېرىلگەن ئەنە شۇ ئالائۇددىن كاسانىيغا ياتلىق بولغان.

ئالائۇددىن كاسانىي «**تحفة الفقهاء**» (فەقىھلەرگە ھەدىيە)نى شەرھلەپ، ئىسمىنى «**بدائع الصنائع في ترتيب الشرائع**» (شەرئىي ھۆكۈملەرنى رەتلەشتىكى ئېسىل ھۈنەرلەر) دەپ ئاتىغان. بۇ كىتاب ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ مۇھىم كىتابلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئەللامە سەمەرقەندىي ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى مۇكاپاتلاپ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى، ئالىمە، فەقىيھە قىزى پاتىمە خانىمنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەرگەن. كىشىلەر ئارىسىدا (**تحفة**)سىنى شەرھلەپ قىزىنى ئالدى، دېگەن سۆز تارقالغان.

ئەللامە ئابدۇلقادىر قۇرەشىي مۇنداق دەيدۇ: «كاسانىي سەمەرقەندكە كېلىپ، سەمەرقەندىينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئىلىم ئۆگەنگەن. «**تحفة**»نى

2 رىزا كەھالە «مەشھۇر ئاياللار» 4-توم 94-بەت.

شەرھلەپ، ئۇستازىغا كۆرسەتكەن، ئۇستازى ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ قىزى پاتىمەنى نىكاھلاپ بەرگەن ۋە «**تحفة**»نىڭ شەرھىسىنى قىزىنىڭ تويلۇقىغا ھېساب قىلغان»[3].

پاتىمە ھەدىس، فىقھى ئىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ئالىم، فەقىھ ئايال بولۇپ، نۇرغۇن ئۆلىمالاردىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە نۇرغۇن ئۆلىمالارغا ئىلىم ئۆگەتكەن.

سەمەرقەندىيدىن بىرەر پەتىۋا سورالسا، پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن قىزىغا مەسلىھەت سالاتتى. پەتىۋا ئۇنىڭ ۋە دادىسىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغاندىن كېيىن قايتۇرۇلاتتى. توي قىلغاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ قوشۇلۇپ، ئۈچەيلەننىڭ مۆھۈرى بېسىلغاندىن كېيىن قايتۇرۇلىدىغان بولغان.

ئەللامە ئابدۇقادىر قۇرەشىي «**الجواهر المضيئة في طبقات الحنفية**» (ھەنەفىي ئۆلىمالىرىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى نۇرلۇق گۆھەرلەر) ناملىق كىتابىدا تارىخشۇناس ئىبنى ئەدىمدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، پاتىمە مەزھەپلەرنىڭ قاراشلىرىنى ياخشى نەقىل قىلالايتتى. ئېرى پەتىۋا ئىشلىرىدا خاتالاشسا، توغرىسىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. خاتالىشىش سەۋەبىنى بىلدۈرۈپ قوياتتى-دە، ئېرى ئۇنىڭ سۆزىگە كېلەتتى. ئېرىگە پەتىۋا بېرەتتى، ئېرى ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى

3 ئەللامە ئابدۇقادىر قۇرەشىي «الجواهر المضيئة في طبقات الحنفية» (ھەنەفىي ئۆلىمالىرىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى نۇرلۇق گۆھەرلەر) 2-توم، 244-بەت.

قىلاتتى ۋە ئىززەتلەيتتى. پاتىمە ۋە ئېرى ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ئىدى. پەتىۋا كەلسە، ئۇنىڭ ۋە دادىسىنىڭ مۆھۈرى بېسىلىپ قايتۇرۇلاتتى. توي قىلغاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ قوشۇلۇپ، ئۈچەيلەننىڭ مۆھۈرى بېسىلغاندىن كېيىن قايتۇرۇلىدىغان بولدى. پاتىمە خەتنى چىرايلىق يازىدىغانلىقى بىلەنمۇ مەشھۇر ئىدى»[4].

پاتىمە مېھماندوست، خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئايال ئىدى. ھەلەب شەھىرىدىكى ھەلاۋىيە مەدرىسىسىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن بىرى داۋۇد ئىبنى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ رامىزاندا فەقىھلەرگە ئىپتارلىق بېرىشنى باشلاپ بەرگەن. بۇ ئادەت زامانىمىزغا قەدەر داۋام قىلماقتا. پاتىمە قولىدىكى ئىككى بىلەيزۈكنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ھەر كۈنى ئىپتارلىق بەرگەن»[5]. پاتىمە ئېرى كاسانىي بىلەن بىرگە رۇم (ھازىرقى تۈركىيە) شەھەرلىرىگە سەپەر قىلغان. رۇم شەھەرلىرىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئېرى بىلەن رۇم دۆلىتى (شۇ ۋاقىتتا تۈركىيەنى ئىدارە قىلىۋاتقان سالجۇقىيلار دۆلىتى) نىڭ فىقھشۇناس ئالىمى شەئرانىي ئارىسىدىكى مۇنازىرىدىن كېيىن، سالجۇقىي سۇلتانى مەسئۇد قىلىچ ئارسلانخان ئۇنى ھەلەب شەھىرىگە ئادىل پادىشاھ نۇرۇددىن زەنكىينىڭ يېنىغا ئەۋەتىۋەتكەن. نۇرۇددىن زەنكىي كاسانىي ۋە ئايالى پاتىمەنى ناھايىتى ئىززەت- ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغان ۋە كاسانىينى ھالاۋىيە مەدرىسىسىنىڭ ئۇستازلىقىغا تەيىنلىگەن[6]. شام، مىسىر، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ پادىشاھى ئادىل پادىشاھ نۇرۇددىن زەنكىي پاتىمەنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. بەزى ئىچكى ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالاتتى. فىقھى مەسىلىلەردە ئۇنىڭ پىكرىنى كۆپ ئالاتتى. ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق قىلاتتى.

تارىخشۇناس رىزا كەھالە «مەشھۇر ئايالالار» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «پاتىمە ئالىمە، فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس، ئەخلاقلىق ئايال بولۇپ، نۇرغۇن ئۆلىمالاردىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە نۇرغۇن ئۆلىمالارغا ئىلىم ئۆگەتكەن. فىقھى، ھەدىس ساھەسىدە بىر نەچچە پارچە كىتابمۇ يازغان. ئادىل پادىشاھ شېھىت نۇرۇددىن زەنكىي بىلەن دەۋرداش بولۇپ، نۇرۇددىن بەزى ئىچكى ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالاتتى. فىقھى مەسىلىلەردە ئۇنىڭ پىكرىنى كۆپ ئالاتتى. ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق قىلاتتى»[7].

پاتىمە ئېرى بىلەن ئىككىيلەن ھەلەب شەھىرىدە سۇلتان نۇرۇددىننىڭ يېنىدا خىزمەت قىلغان. ئەللامە ئابدۇقادىر قۇرەشىي تارىخشۇناس ئىبنى ئەدىمدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام كاسانىي ئايالى پاتىمەنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ھەلەبتىن يۇرتىغا قايتىپ كەتمەكچى بولغان. سۇلتان نۇرۇددىن بۇنى بىلىپ، ئۇنى چاقىرىپ، يېنىدا ھەلەبتە قېلىشنى تەلەپ قىلغان. كاسانىي قايتىپ

4 يۇقىرىقى كىتاب، 2-توم 278-بەت.
5 يۇقىرىقى كىتاب، 2-توم 278-بەت.

6 «اختيارات الإمام الكاساني في كتابي الطهارة والصلاة» 24-25-بەتلەر.
7 رىزاكەھالە «مەشھۇرئايالالار» 4-توم 94-بەت

كىتىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن ۋە ئۇستازىنىڭ قىزى ئايالىنىڭ گېپىنى يىرالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىمام كاسانىي سۇلتان نۇرۇددىن بىلەن ئورتاق پىكىرگە كېلىپ، ئايالى پاتىمەگە سۇلتانىنىڭ تەلىپىنى ئوقۇپ بېرىشكە خىزمەتچى ئەۋەتكەن. خىزمەتچى پاتىمەنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، كىرىشكە ئىجازەت سورىغان. پاتىمە ئىجازەت بەرمىگەن ۋە ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ۋە ئېرىگە: سەن فىقھى ئىلمىدىن شۇ دەرىجىدە يىراقلىشىپ كەتتىڭمۇ؟ بۇ خىزمەتچىنىڭ ماڭا قارىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بىلمەمسەن؟ بۇ خىزمەتچى بىلەن باشقا ئەرلەر ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟-دەپ خەت ئەۋەتكەن. خىزمەتچى قايتىپ بېرىپ، سۇلتانىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىمام كاسانىيغا بۇ خەتنى يەتكۈزگەن. كېيىن ئۇلار سۇلتان نۇرۇددىنىنىڭ خېتىنى بىر ئايالدىن ئەۋەتكەن. ئايال خەتنى پاتىمەگە ئوقۇپ بەرگەن. پاتىمە سۇلتانىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ھىجرىيە 581-يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ھەلەبتە تۇرۇپ قالغان[8]. ئىمام كاسانىي ۋاپات بولغانغا قەدەر ھەر جۈمە كېچىسى ئايالىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشنى داۋاملاشتۇرغان. ھىجرىيە 587-يىلى ۋاپات بولۇپ، ئايالىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر ئوغۇل پەرزەنتى بولۇپ، ئۇنى سۇلتان زاھىر تەربىيەلىگەن. ئۇمۇ فىقھى ئىلمى بىلەن مەشغۇل بولغان»[9].

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەد يۇسۇپ.

8 «الجواهر المضيئة» 2-توم 278-بەت
9 يۇقىرىقى كىتاب، 2-توم 246-بەت





# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە...

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 2- سانى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ژۇرنىلىمىز ھەر يىلدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ - ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە، ئىقىم مەسىلىلىرى، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھاللىرى... قاتارلىق دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەرقايىسى تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىدۇ.

تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئاپتورلىرىمىز سەمىگە سالماقچىمىز:

1. ماقالە مەزمۇنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ئىلماني ئىدىيەلەر ياكى ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن ئاشقۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
3. ئۆچمەنلىك ۋە پىتنە تارقىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولماسلىقى كېرەك.
4. شەخس ۋە كوللېكتىپلارغا قارىتا ھاقارەت تۈسىنى ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
5. مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار رىغبەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان مۇلاھىزە ماقالىلىرى، شۇنداقلا تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى يورۇتۇلغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئۈمىد، ئىلھام، ئىپتىخار بېغىشلايدىغان ماقالىلەر ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.
6. ماقالىلەر ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇشى، گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
7. ئايەت، ھەدىسلەر ۋە باشقا نەقىل مەنبەلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىشى كېرەك.
8. ئايەتلەرنىڭ تېكىستى گۈللۈك ﴿ ﴾ تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى چوڭ [ ] تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك.
9. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى قوشۇپ ئەۋەتىشى كېرەك.
10. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر چوقۇم ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
11. مەيلى ئىجادىي بولسۇن، ياكى تەرجىمە بولسۇن ،تېما تاللىغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ھېسابلىنىدىغان تېمىلارنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ژۇرنلىمىز ھەققىدە

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز!

ژۇرنىلىمىز «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ۋە دىنىمىزنى توغرا يوسۇندا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

دىنىمىز بىلەن تىلىمىز مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇق ئومۇرتقىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ يوقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلىپ يارىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئۆزىگە خاس تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا تىلغا بولغان مۇھەببەت ئاللاھ تائالاغا بولغان سەمىمىيەتنىڭ ۋە شۈكۈرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ بۇ نۇقتىنى ياخشى ئويلىنىشى، ئۆز دىنىغا ۋە ئانا تىلىغا بولغان سەزگۈرلۈك ۋە مۇھەببەتلىك تۇيغۇلىرى بىلەن بۇ ژۇرنالنى ئوقۇشى، ئائىلىسىدە ساقلاپ قويۇشى، بالىلىرىغا ئوقۇتۇشى ۋە قىممەتلىك ئەسەرلىرى ۋە پىكىر-تەكلىپلىرى ئارقىلىق ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇشى، قولىدىن كېلىشىچە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى، ۋەتىنىمىز ۋە چەت ئەللەردە دىنىي ساھەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە قىلىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ئوي - پىكىرلىرىنى بايان قىلىش ۋە يۈرەك تۇيغۇلىرىنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ بېرىش، شۇنداقلا دىنىي ساھەدىكىلەرنى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش مۇنبىرى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

ژۇرنىلىمىزدا ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت ۋە مۇئامىلە... قاتارلىق تېمىلار ئەھلى سۈننەتنىڭ يولى ۋە ئوتتۇرا ھاللىق پرىنسىپى بويىچە يورۇتۇپ بېرىلىدۇ، شۇنداقلا «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»نىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە زۆرۈر پەتىۋالار بېرىلىدۇ. كەڭ ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پىكىر - تەكلىپ بېرىشىنى ۋە يېقىندىن قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئۆلىمالار» ژۇرنىلى تەھرىراتى